

تېيىپجان ئېلىيوپ

طيب جان

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

تېيىپجان ئېلىيوپ

# تاللانغان شېئىرلار

مەسئۇل مۇھەررىرلىرى: ئابدۇۋەلى خەلپەتوپ
ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر



شېئىرىيەتتىن زوقلىنىدىغان
يۇرتتاشقا تەقدىم.

تېيىپجاندىن

1988 - يىل ، 6 - ئاي ، ئۈرۈمچى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ت. ئېلىيوپ

**تاللانغان شېئىرلار**

مەسئۇل مۇھەررىرلىرى: ئابدۇۋەلى خەلپەتوپ
ئا. ئۆمەر

مەسئۇل كوررېكتورى: ئادالەت مۇتەللىپ

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھەر ئازاتلىق كوچا № 306)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا تىزىلدى
شىنجاڭ گېزىتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 787 × 1092 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 10.5، قىستۇرما ۋارىقى: 4
1985 - يىل 5 - ئاي 1 - نەشرى
1985 يىل 11 - ئاي 1 - بېسىلىشى
كىتاب نومۇرى: M10098·994
تىراژى: 1 — 3.500
باھاسى: قاتتىق مۇقاۋىلىقى 1.45 يۈەن
ئاددى مۇقاۋىلىقى 0.75 يۈەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە

ئاپتوردىن ........ 1
شېئىرلار ........ 1
جەڭچى ئاكامغا ........ 1
جانان ئۈچۈن ........ 2
گۈلۈمگە ........ 3
قىش كەتتى ........ 4
كۆكلەم جىلۋىسى ........ 5
يارات ........ 7
ئاداققى سۆزۈم ........ 9
كۈرەش ........ 11
لۇتپۇللاغا ........ 12
كۈت مېنى ........ 14
لېنىن ئۆلمىدى ........ 16
تاغ ۋە يېقىن ........ 18
بىزنىڭ ناخشىمىز ........ 19
تاڭ ناخشىسى ........ 22
كېلىچەككە سالام ........ 23
ئىشەنچ ........ 24
ماتەم ........ 26
خىتابىم ........ 29
بۈگۈن ........ 33
ياشلىغىم ........ 34

توي ........................................ 35
تارىخنىڭ هۆكمى ........................ 38
دىخان قىزىنىڭ ناخشىسى ................ 42
كۆيۈپ قالدىم مەن ساڭا .................. 43
باهار شامىلى .............................. 46
ئالدانغان قىزغا ............................ 48
ئىشچان يىگىت ............................. 49
بەخت ....................................... 50
ۋالاقتەككۈرۈپىنىڭ ئۆلۈمى ............... 54
يۈرەك سۆزى .............................. 61
مەن سوتسىيالىستىك شەهەر ئادىمى ............ 67
مۇهەببەت ................................... 69
يىگىت ئارزۇسى ............................ 71
«ئاۋرورا» ................................. 72
گېركى مۇزېيىدا ............................. 74
هەيرانمەن ................................. 77
هەسرەت ................................... 79
ۋەتىنىم .................................... 80
بەخت يۇلتۇزى ............................. 82
تۈگىمەس ناخشا ............................ 83
بىلدەپتىمەن ................................ 84
بىرىنچى خەت ............................. 86
مىلتىغىمنى بەرگىن قولۇمغا .............. 88
كۆمۈر ..................................... 91
ساڭ مۇددىرىنىڭ «زىيانداشقا قارشى» ئاجايىپ
تەدبىرى توغرىسىدا قوشاق .............. 92

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قارئۇستىدىكى قۇش ........................ 97
ئەلەم ........................ 99
بۇگۈن ھەم ئەتە ........................ 101
پۇشايمان ........................ 102
سارىيە ........................ 104
ئۇزۇم ئۈزگەندە ........................ 111
بىر يىگىتنىڭ خاتىرىسى ........................ 113
سۇ كەلدى ........................ 117
ئامرىغىم ........................ 119
ئۆتكەل ........................ 120
سىتژىنسونغا رەددىيە ........................ 124
ئۈزىتىش ........................ 129
يوللۇق ئالدا ........................ 130
«ئاساسەن»نىڭ شىكايىتى ........................ 131
ئۇرچۇق باتۇر ........................ 137
ۋەتەن ھەققىدە غەزەل ........................ 142
لەۋلىرىڭنى شۇ ئۈزۈمگە ئوخشاتتىم ........................ 144
بۇيلۇقنىڭ تويى ........................ 146
پىشقەدەم جەڭچىنىڭ نەسىھىتى ........................ 147
ۋەتىنىمنى كۈيلەيمەن ........................ 151
سەيلىدە ........................ 153
تۇمەنجياڭ بويىدا ........................ 156
خۇجى ........................ 158
مېيخۇا گۈلىگە مەدھىيە ........................ 161
يۇخۇاتەيگە زىيارەت ........................ 162
سىر دېگەن مۇتلەق ئەمەس ........................ 166

ئاتىنىڭ نەسىھىتى ........................ 167
زەپەر چىرايلىق كەلدى باھار ................ 168
سەنئەت باھارى ........................ 169
جاۋاپ چاۋاك ........................ 173
ئۇنتۇلماس مىنۇتلار ........................ 176
بولمىسا ........................ 182
شۇم بالا ........................ 183
بىر قىزنىڭ ھەسرىتى ........................ 186
يىغا تۇتتى مېنى يەنە باھاردا ........................ 188
ل. مۇتەللىپنى ئەسلەپ ........................ 190
كۆچەت ........................ 194
نەشىھەت خاتىرىسىگە ........................ 195
قانداق قىلاي ........................ 196
كۆرۈۋىدىم چۈشۈمدە بۇلبۇل ........................ 199
ئوتتۇز يىل ........................ 200
ۋۇشجاڭنىڭ ئۆلۈمى ........................ 204
ئاسىمانىڭ قىياپىتى ........................ 206
سادا ........................ 208
كانايدىن ئۇن چىقامدۇ ياغلىمىسا ........................ 210
چال ئوغلۇم ........................ 211
ئارچا ........................ 213
كەۋسەر ........................ 214
تېۋىلغا ........................ 215
يەرنى ئاسماندا كۆرۈپ پەس چاغلىماڭ ........................ 216
موزاي بىلەن تۈلكە ........................ 217
«قىز قۇۋار»دا ........................ 219

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئەنشى قىزغا ........................................ 220
يۇرتۇمنى كۆرۈپ دىگەن گەپلىرىم ........................ 221
يانبۇلاق ............................................ 227
تەۋەرۈكنى كۆرگەندە ................................. 230
مۇقام ............................................... 232
گاچا دەپ قالغانمىدۇ؟ ................................. 235
قامچىنىڭ نە ھاجىتى ياخشى ئاتقا ......................... 236
ناخشا ئېيتىپ ئەركە تۇتتى مىڭخۇل قىزى ................... 237
ئوخرىد بويى ......................................... 238
دىرىم كۆۋرۈكى ئۈستىدە ................................ 240
پەلەستىن شائىرى شېئىر ئوقۇدى ........................ 241
گۈل ................................................ 243
تارا كۆۋرۈكى ........................................ 244
سىنچىنىڭ سۆزى ....................................... 246
ئەمدى .............................................. 248
تەشەككۇر ............................................ 249
يىراقتىن خەت ......................................... 251
ياماتۇنىڭ تويى ....................................... 257
پىئونېرنىڭ سۆزى ..................................... 259
شېئىر مەشرىپى ........................................ 260
تۇرپان مېھمانخانىسى .................................. 262
چىن تەنچىيۇ خاتىرىسىگە ................................ 265
ئېتىزدا باھار ......................................... 266
چوغلۇق يېنىدا چاقچاق بار ئىكەن ........................ 268
پەشتاقتا ............................................ 270
سالامەت بولۇڭ ........................................ 273
ئانا مېھرى ........................................... 274

چوقەندىكى قارىغاي ........................ 276
خۇاڭسەنگە چىققاندا ........................ 278
يۈرەك ئۇسوغىسى ........................ 281
بىر سورەتنىڭ تارىخى ........................ 284
ۋەسىيەت ........................ 288
رۇبائىلار ........................ 289
پارچىلار ........................ 298
تۇيۇقلار ........................ 302
ئىشقىي غەزەللەر ........................ 305
يارنى سېغىندىم ........................ 305
ئۆرتىدى ........................ 306
يار ئىشقىدا ........................ 307
قەدىرلەيمەن سېنى جانان ........................ 308
يىغلىما ........................ 309
ئەمدى ئىغىز ئاچما ........................ 310
مەيلىمۇ ........................ 311
مەلھەم ئوق ........................ 312
ئۆرگىلەي ........................ 313
باشقىسى ........................ 314
كۆتۈپ ........................ 315
مەن بەختىيار ........................ 316
ئالدىدا ........................ 317
شۇندىن بېرى ........................ 318
ھۆي بالا ........................ 319
خىجىللىقتىن يەرگە كىردىم ........................ 321
ئەجەپ گەپقۇ ........................ 322
ئانا، مېنىڭ ئۆز خىلىم بار ........................ 323
جانان كېلىدۇ ........................ 325

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگانە ئادرېسى

# ئاپتوردىن

مەن شېئىر يازغىلى تۇرغىلى قىرىق يىل بولۇپ قاپتۇ. بۇ جەرياندا «ئۇششاق - چۈك، پىششىق - توك» بولۇپ، تەخمىنەن بىرەر مىڭ پارچىغا يېقىن شېئىر يېزىپتىمەن. ئۇنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى ئېلان قىلىنغان بولسا كېرەك. مېنىڭ ئىجادىيەت يولىدىكى قىرىق يىللىق قەدىمىمدىن قانداق ئىزلار قالغانلىقى كىتابخانلارغا ناھايىتى ئېنىق.

دەسلەپكى يازغانلىرىمدا بالىلارچە ساددىلىقنىڭ، دورامچىلىقنىڭ پۇرىقى قويۇق. بارا - بارا قېتىرقىنىپ ئۆگىنىش، تۇرمۇشنى ئاڭلىقراق كۆزىتىش نەتىجىسىدە شېئىرنىڭ نېمە ئىكەنلىكى ۋە ئۇنىڭ ئىجتىمائىي ھايات بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ھەققىدىكى تونۇشۇم ئۆزگىرىپ، بولۇپمۇ «ئېچىلىش - سايراش» يۆنىلىشىنىڭ جاكالىنىشى بىلەن بارلىققا كەلگەن ياخشى ھاۋانىڭ ئىلھامبەخش پەيزىدە يازغانلىرىمدا ئىجادىي ئىزلىنىش ئامىللىرىمۇ كۆپىيىپ باردى. بىراق، كېيىنرەك «سول» چىل ئىدىيىۋى ئېقىم ھۆكۈم سۈرگەچكە، ئىجادىيەت يولى تولىمۇ تار، ئەگرى - توقاي ۋە ئەنسىز بولۇپ كەتتى - دە، تېما جەھەتتىكى قاتىبال چەكلىمىلەر، نىمىنى ۋە قانداق مەدھىيىلەش، نىمىنى ۋە قانداق ئەيىپلەش ھەققىدىكى چاكىنا بەلگىلىمىلەر ئىجادىيەتنى باھالاشنىڭ بىمەنە نوقۇل سىياسىي ئۆلچەملىرى جۈملىدىن ئەدەبىيات تەنقىدى نامىدىكى سەپسەتە ۋە كالتەكلەر ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ تەرەققىياتىنى بوغۇۋەتتى. ئومۇمىي ھەقىقەتتىن بىر تەرەپ-

لىمە. هالدا يۇلۇۋېلىنغان ئىنقىلاۋىي ئىبارىلەر ۋە تەنتەنىلىك چاقىرىقلارنىڭ قايمۇقتۇرۇشى، زورلاپ تېڭىلغان زاكازچىلىق بېسىمى ۋە كالتەكچىلىك ۋەھىمىسى ئالدىدا «سول» چىل-لىقنىڭ پەيدىگە چۈشمەيدىغان مۇقاملىرىغا دوست تارتىمىش شېئىرىيىتىمىزنى ئاز خۇنۇكلەشتۇرمىدى. مەنمۇ شۇنداق دوست تارتىشتىن خالى بولالمىدىم. دېمەك، مېنىڭ قىرىق يىللىق ئەدەبىي پائالىيەت يولۇمدا خەلق ياقتۇرىدىغان ئىزلىرىممۇ بار، بۇنىڭ ئۈچۈن مەنمۇ خۇشالمەن، شۇنىڭدەك خەلق ياقتۇرمايدىغان ئىزلىرىممۇ بار، بۇنىڭ ئۈچۈن خىجىلمەن.

پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىزم ئىشلىرى توغرا ئىزغا چۈشتى. «سول» چىللىقنىڭ كاساپىتىدىن بولۇپمۇ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلاۋى» دېگەن ئاپەت دەستىدىن مۇجۇلغان يۈرەكلەر قايتا ياشاردى، ئېلىمىزنىڭ كۆپ مىللەتلىك سوت-سىيالىستىك ئەدەبىياتىمۇ قايتىدىن جانلىنىپ، جۇش ئۇرۇپ تەرەققىي قىلىشقا باشلىدى. جۈملىدىن مەنمۇ يېڭى هاياتىي كۈچكە ئىگە بولدۇم، بولۇپمۇ «سول» چىللىق دېگەن روھىي كىشەندىن ئازات بولغانسېرى چىنلىققا، سەنئەتكە سادىق بولۇشنىڭ خەلق ئالدىدا، تارىخ ئالدىدا جاۋاپكار بولۇشنىڭ نىمە ئىكەنلىكىنى يېڭىۋاشتىن ھەقىقىي رەۋىشتە چۈشىنىشكە باشلاپ، ئۆز بۇرچۇمنى ئادا قىلىش غەيرىتىم ئۆستى، ئۈمىدىم كۆچەيدى، ئىجادىيەت جەھەتتىمۇ ئىزدىنىپ، تۇرمۇش پاكىتلىرىدىن بىۋاستە ھاسىل قىلغان شېئىرىي ھېسسىياتلىرىم ئارقىلىق دەۋر ئوتتۇرىغا قويغان سوئاللارغا چامامنىڭ يې-تىشىچە جاۋاپ بېرىشكە تىرىشتىم. لېكىن ھوسۇلۇم يەنىلا جاما-ئەتچىلىكنى رازى قىلىشتىن يىراق.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بىز ھازىر شۇنداق بىر دەۋردە ياشاۋاتىمىزكى، تۈنۈگۈن-كى يېڭىلىقلار بۈگۈنكى يېڭىلىقلار ئالدىدا چېنىپ قېلىۋاتىدۇ. كۆنىلاپ بارلىققا كېلىۋاتقان يېڭىلىقلارغا ماسلىشىش ئاسان ئەمەس. خەلقنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى ھاياتىدىكى يېڭىلىقلارنى كونا، قاتمال رامكىلار بويىچە چۈشىنىش ۋە ئىپادىلەش ھەرگىزمۇ مۇمكىن ئەمەس. بۇنىڭ ئۈچۈن شائىرمۇ ھاياتنى تەرەققىياتنىڭ يېڭى سەۋىيىسىگە لايىق نەزەر بىلەن كۆزىتىشى، شۇنىڭغا لايىق تىل ۋە كۈي تېپىشى لازىم. بىزنىڭ دەۋ-رىدىن چىقىش بولۇپمۇ بىز قىزراملىقلارغا ئوخاي چۈش-مەيدۇ. لېكىن خەلقتىن ئايرىلالمىساقلا، ئۆگىنىشتىن چېكىن-مىسەكلا يەرگە قاراپ قالمايمىز، شائىرنىڭ ئانىسى خەلق، ئۇ ئانىنى رازى قىلىش بىلەنلا قەدىرلىك.

ئەل نىمىگە سۆيۈنسە زوقلانساڭ شۇڭا،
ئەل نىمىدىن يىرگەنسە ھومايساڭ ئاڭا،
ئالقىش تۇرماق راھەتتۇر ھەتتا ھاقارەت،
بۇندىن ئارتۇق ئىپتىخار نەھاجەت ساڭا.

بۇ توپلامنىڭ «تاللانغان شېئىرلار» دېگەن نامى پەقەت بۇنىڭدىكى شېئىرلار باشقا شېئىرلىرىمغا نىسبەتەن بىرقەدەر تۈزۈك دېگەن مەنىدىلا ئىگە.

توپلامنى نەشرگە تەييارلاش جەريانىدا بىرقىسىم شېئىرلارنى مەزمۇن ۋە بەدىئىي جەھەتتە بىرئاز تۈزەتتىم، تەھرىرلىك تەلىۋىدىن ئۆزگەرتىلگەن بەزى جايلارنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ قويدۇم.

1985 - يىل فېۋرال

# شېئىرلار

## جەڭچى ئاكامغا

بىللە بارماق بولغىنىمدا سەن بىلەن،
كومىسسىيە كىچىك دېدى يېشىمنى.
ئۆسكەن بولىيا بويۇم يەنە بىر غېرىچ،
فرونتلاردا كۆرسەتەتتىم كۈچۈمنى.

بىلەلمىدىم، كومىسسىيە دىگەنلەر
ئىرادىنى ئۆلچەمدىكىن ياش بىلەن.
ئالغان بولسا كىچىك دەپ يېشىمنى،
ئېلىشاتتىم دۈشمەن دىگەن نەس بىلەن.

ئاڭلا ئاكا، بۇ يىل ئۆستى بويۇمۇ،
ھېچ گۇمانسىز ئەسكەرلىككە يارايمەن.
پات ئارىدا بىرىپ سېنىڭ قېشىڭغا،
دۈشمەن بىلەن جەڭ قىلىمەن، ھارمايمەن.

1945 - يىل قورغاس

## جانان ئۈچۈن

ياش ۋۇجۇدۇمدا مۇھەببەت ياندى، جانان، سەن ئۈچۈن،
ئاتىدىم بارىمنى، ئىشقىڭدا يۈرەك كۆيگەن ئۈچۈن.
سەن ئۈچۈن كۆيسەم مۇبادا ئوتتا تارتىپ مىڭ ئازاپ،
مېنى دوزاق ئوتى كۆيدۈرمەس، قاچار بەلكىم ئۇزاپ.
سېنى دەپ سۇدا ئېقىپ ئۆلسەم تۈمەن كۆلپەت كۆرۈپ،
تىرىلىپ كەۋسەر ئىچىدە ئۈزىمەن لەززەت سۈرۈپ.
جەسەدىم ياتمىسا ھېچ جايدا، شۇ تۇپراقتىن بۆلەك،
شۇ ماڭا جەننەت ئەمەسمۇ، ئۆزگە جەننەت نە كېرەك.
ياق، ئۆلۈمنى خالىمايمەن، ماڭا قىممەتتۇر ھايات،
شۇ ھاياتنى مەنىسىز ئۆتكۈزسەم، ئالدىڭدا ئۇيات.
ئارمىنىم يوق، بار جاپانى بىللە كۆرسەم سەن بىلەن،
ھە، يېڭىشنىڭ بايرىمىدا بىللە كۈلسەم سەن بىلەن.

1946 - يىل قورغاس

# گۈلۈمگە

ھەي گۈلۈم، سىزنى ساقلاپ تۇرايمۇ،
شىرىن ئۇيقۇغا تويۇپ - قانغىچە.
مەنزىلگە يېتەر سەھەر ماڭغانلار،
سىز كۆزنى ئېچىپ بىر تولغانغىچە.
ئالدىرىمايسىزغۇ، بىرۋاق ئۆتتىدۇ
سىز قاشقا قاچان ھوسما قويغىچە.
ئەنە، مەرىپەت سىزنىمۇ كۈتەر،
ھە، چاپسان يېتىڭ، باش قاتۇرغىچە.
پۇرسەتمۇ يەتتى، چوڭ قەدەم تاشلاڭ،
ساقلىماس ۋاقىت «مانا ...» دېگىچە.
پارلاق، بەختلىك جەمىيەت بېغى
ئېچىلماس كۈلۈپ، سىز بارغىچە.
مەنمۇ ھەممەپەس سىزگە ئەي گۈلۈم،
بۇ يولدا جاندىن جۇدا بولغىچە.
سادىغىسى كەتسۇن سىزگە بۇ جاننىڭ،
ئارتۇق دەرت چېكىپ، غەم يېمەڭ ئانچە.
گۈلۈم، تېز بولۇڭ، بىللە يېتەيلى
شانلىق خىزمەتكە گۈدۈك چالغىچە.
بۇ خىزمەت مەڭگۈ بەخت خىزمىتى،
ھارمايلى، يۇرتنى ئاۋات قىلغىچە.
كۈتكەن زاماندا يېتىپ ئارمانغا،
خوشال كۈلگەيمىز يۈرەك قانغىچە.

1947 - يىل 10 - ئاپرېل، قورغاس

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## قىش كەتتى

تىلەتىدىن قار ياققان،
ئايىغىغا مۇز تاققان،
پۈركۈپ سوغاق دېمىنى،
خۇددى چاياندەك چاققان —
شەپقەتى يوق سەپرا قىش
سىزىپ يازنىڭ ئىسىنى،
قاچتى ئەمدى دىڭگاكلاپ،
تۆكۈپ سوغاق يىشىنى.
قىرىپ قالدى ئاۋاق قىش،
تىنىدە يوق قۇۋۋىتى.
ئۆچتى باھار شامىلى،
كەلمەكتە ياز نۆۋىتى.
«قىشنىڭ كەينى ياز» دىگەن —
كونىلاردا ماقال بار.
ئالدىرىمايلى سەيلىگە،
ئالدىمىزدا دوقال بار.

1947 - يىل، قورغاس

# كۆكلەم جىلۋىسى

گۈر - گۈر ئۇچقان كۆكلەم شامىلى،
تەبىئەتنى ئويغىتىپ،
جىلۋە قىلىپ يەنە كەلدىڭلار.
هەيدىۋېتىپ قىش - زىمىستاننى،
گۈزەللىككە ئوراپ جاھاننى،
زەپمۇ ئىللىق قۇچاق يايدىڭلار.

كۆكلەم شامىلى،
ئۇچقىنىڭلارنى سېزىپ
ئۇيقۇنى بۇزۇپ
بېزەنمەكتە باغلار، ئېتىزلار،
تاغلار، توقايلار.
دولقۇنلۇق سۇلارنى شاۋقۇن سالدۇرۇپ
ئۆزدۈردى باغرىدا ئۆستەڭلەر، سايلار.

هەي، كۆكلەم شامىلى،
كۆمدۈڭلار تەبىئەتنى
زەپ ئىللىق پۇراقلارغا.
سىلەرگە ئەگىشىپ كەلگەن نەغمىچى —
باھار قۇشلىرى
چەرق ئۇرۇپ سايرايدۇ

قوتۇشۇپ بىخ سۇرگەن شاخلارغا.
ئەمگەك قىزىتىپ ئېتىزدا دىخان
ناخشا ئېيتقاندا
كېتىدۇ، ھە، قانداق ئۇزاقلارغا!
پاھ، مۇنداق ناخشىلار
نىمە دىگەن يېقىملىق
ئاڭلىنىدۇ قولاقلارغا...

ھەي كۆكلەم جىلۋىسى،
بولساڭلارمۇ قانچە يېقىملىق،
قالدۇرساڭلارمۇ ئادەمنى ھاڭ ـ تاڭ.
بىراق سىلەر تەبىئەتتىلا
ھەر يىل ئۈچۈن بىر قېتىملىق تاڭ.

شۇڭا سىلەر مېنىڭ كۆڭلۈمگە
تولۇق ئارام بولالمايسىلەر.
مىڭ ناخشا ئېيتىپ،
ئۇسۇل ئوينايمۇ
بەختىمنى تازا ئاچالمايسىلەر.
ئىنسانىيەتنىڭ سائادەت تېڭى
مېنىڭ مۇرادىم،
ئاھ،
يېتىشكەندە ئاشۇ تاڭغا مەن،
مېنىڭ پۈتمەس خوشال ناخشامنى
ئاندىن راسا ئاڭلالايسىلەر.

۱۹٤۸ - يىل مارت، قورغاس

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

## يارات

ئەي كۆرەش، قوينۇڭدا تاۋلاپ، يەڭگۈچى مەردانلار يارات،
ئاغدۇرۇپ غەپلەتنى، دىللاردا ئۇلۇغ ئاڭلار يارات،
زور نىشانلار كۆزلىگەن مەقسەتكە ئىمكانلار يارات،
قان تۆكۈپ ئالغان زەپەرگە زور شەرەپ ـ شانلار يارات،
سۇر قارا تۈن دەھشىتىنى، ھۆر ئازات تاڭلار يارات.

جۇت زىمىستان دەھشىتىدىن قانچە بوستانلار خاراپ،
قانچە يۇرتداشلار زۇلۇم قىستاۋىدا چەكتى ئازاپ،
رەھىمسىز «ئالىجاناپ» لار، ئەجىرسىز، بۇلاپ ـ تالاپ،
ئەلنى قىلدى بىمادار يالماۋۇزدەك قان شوراپ،
قالمىدى تاقەت بۇ تەندە، ھەقىقى دەۋرانلار يارات.

دەرتتە يەنچىلگەن يۈرەكتە قالمىدى زەردە چىداش،
ئاھۇ، ۋاي ـ داتلار بىلەن كەتمەيدۇ كۆزدىن زادى ياش،
مەيلى، دەيدۇ دىل غەزەپتە، ۋەسلى ئىزلەپ كەتسە باش،
خار ھاياتنىڭ لازىمى يوق، چاچمىسا نۇرىنى قۇياش،
نۇرغا چۆمگەن ياپ ـ يېشىللىق باغۇ ـ بوستانلار يارات.

ۋادەرىخ، ئۆز يۇرتىدا خار ـ زار بولۇش بەك ئار ئىكەن،
قانچە ئورۇنغانسىرى ئالەم ساڭا بەك تار ئىكەن،
تۆلكىلەرنىڭ ئەھدى چىن دەپ ئىشىنىش بىكار ئىكەن،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بەس، كۈرەش دەپ جاننى ئاتساڭ، ساڭا ھۆرلۈك يار ئىكەن،
تامچە قانلار ئەجرىگە رەڭدار گۈلىستانلار يارات.

چىقمىدى ئەستىن پەقەتلا ئوق يىلاندەك قامچىلار،
يەنە ئۇنىڭ دەھشىتىدىن ئىڭرىماقتا قانچىلار،
قانچە داملار قۇردى يولغا شۇم نىيەتلىك دامچىلار،
ئۆزى چۈشسۇن ئۆزى قۇرغان دامىغا ئالدامچىلار،
دامچى ھەم داملارنى چەيلەپ، بىخەتەر يوللار يارات.

بىزدىكى ئىشقى - مۇھەببەت ساختىدىن پاك، بىغۇبار،
بىزدىكى ئارزۇ - ئۈمىتلەر — مەڭگۈلۈك ھۆرلۈك باھار،
چىقمىغاي ئارمانىمىز ئەل - يۇرتنى قىلماي بەختىيار،
ھۆر - ئادالەت مەنزىلىگە كۆڭلىمىز بەك ئىنتىزار،
سۈر ئەلەملەرنى كۈرەش، شادۇ - خەندانلار يارات.

ياشنىسۇن بىردەك ئېلىمدە ھۆر - ئازاتلىق گۈللىرى،
سايرىسۇن ئەركىن ئۇچۇپ قەپەزدىكى بۇلبۇللىرى،
ئېچىلىپ شاتلىققا تولسۇن مىليون بوزەكلەر دىللىرى،
ئەجرىمىزگە يوللىسۇن شان ھەر كۈرەشچان يىللىرى،
باغرى تاش دۈشمەن دىلىدا مىڭ پۇشايمانلار يارات.

تېز يوقالسۇن بۇ ئېلىمدىن شۇم، بۇزۇق شەرمەندىلەر،
ھۆر - ئازات بولسۇن زۇلۇم زىندانىدىكى بەندىلەر،
ئال قەلەمنى جۈرئىتى، دۈشمەنگە يوللا زەربىلەر،
شۇ چېلىش پەللىسىدە كۈتمەكتە بىزنى غەلبىلەر،
غەلبىلەرنىڭ تارىخىدىن يېڭى داستانلار يارات.

1948 - يىل مارت، قورغاس

# ئاداققى سۆزۈم

تاك بۇلىغىدىن ئىچسەك شاراپ دەپ،
يانغاچقا كۆڭۈلدە ئۈمىت يالقۇنى،
ئاتتۇق ئۆزىمىزنى چېلىش قوينىغا
بولمايمىز ئەمدى دەپ زۇلىەت تۇتقۇنى.

قىپ - قىزىل قانلارنى سەلدەك ئېقىتتۇق،
دەشتلەرنىڭ باغرىنى گۈل قىلماق بولۇپ.
جۇدۇنلار لەشكىرىنى ئۇرۇپ يىقىتتۇق،
باھار قۇياشىدىن نۇر ئالماق بولۇپ.

ئارزۇمىز دۇنيادا مەڭگۈلۈك باھار،
تىلىشىمىز ئۇنىڭ ۋەسلىنى ئىزلەپ.
بىز نىچۈن ھەر نەپەس بولمايلى ھۇشيار،
تۇرسا تۈن كۈندۈزنى قاپلاشنى كۆزلەپ.

قانداق ئوراپ ئالسۇن خىجالەت بىزنى،
ئۆسسۇۋاتسا دىلدا چېلىش تۇيغۇسى.
قانداق بوزەك قىلسۇن جاھالەت بىزنى،
بولمىسا كۆزىمىزدە غەپلەت ئۇيقۇسى.

چەكمەيمىز نادامەت، ئەنە كۈلمەكتە
بەخت دىلبەرلىرى كۆكسىنى كېرىپ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئەنە سۆزۈڭ مەقسەت چاڭنى سۈرمەكتە،
قۇياش خۇش كۈلمەكتە ئۇپۇقنى يېرىپ.

مەنمۇ چىنىقىشنىڭ چوڭ قاينىمىدا،
جەڭگىۋار بوۋايلار باسقان ئىزدا مەن.
قىلچە قېڭغىرلىق يوق نىيەت ئايىغىدا،
ھەلىمۇ شۇ — باشتا قىلغان سۆزدە مەن.

جان ۋەتىنىگە بەرگەن ئوتلۇق قەسىمىم
يالقۇنلۇق يۈرىكىمدە مەڭگۈگە يانار.
ئۆلۈپ كەتسەم، مەيلى، قالىدۇ ئىسمىم،
قەۋرەم ئۈستىدە گۈللەر ئېچىلار.

ئاداققى سۆزۈم شۇ، ئاڭلا خالايىق.
بۇ يۈرىكىمنىڭ چوڭقۇر، چىن سىرى.
ئەركىنلىك، ھۆرلۈك كىملەرگە لايىق،
تەلەپ قىلسۇن ئەجرىنى ماڭلاي تېرى!

1948 - يىل ئاپرېل، قورغاس

# كۈرەش

تىرەجەپ ماڭمىغان بىزەڭ ھاياتنىڭ
قىنىنى شورايدۇ رودۇپاي زامان.
كۈرەشچان ھاياتقا ئازاتلىق ئامراق،
كۈرەشسىز ھاياتنى قىستايدۇ جاھان.

كۈرەشسىز ھايات مەنىدىن يىراق،
مەنە غەزنىسى پەقەت كۈرەشتە.
تۇرمۇشنى كۈرەش يۈكسەلدۈرمىسە،
كېتىدۇ ئۇ چۈشۈپ قاراڭغۇ پەسكە.

1948 - يىل، ئۆكتەبىر غۇلجا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# لۇتپۇللاغا

مەيداندا سىنالغان بىر مەرت ئىدىڭ سەن،
تەڭسىز زامان بىلەن قىلدىڭ كۆپ چېلىش.
كېچە ـ كۈندۈز دىلدا دەر ئىدىڭ: «ۋەتەن»،
بىراق دۈشمەن كۆڭلۈڭنى قىلمىدى تىنچ.

ھەق تۇغى يەلپۈلدىگەن مەنزىلنى كۆزلەپ،
چاڭقاپ ماڭاتتىڭ چۆلدە ـ قاقاستا.
ھەر مۈشكۈللۈككە كۆكسۈڭنى كەردىڭ،
ئىرادەڭ شۇنچىلىك چىڭ ئىدى باشتا.

بىر ئارسلان ئىدىڭ، يۈرىكىڭ تاغدەك،
يان ـ يېنىڭنى ئورىغان سانسىز ئالۋاستى.
قانخور قارا دىللار، رەھىمسىز يىللار
قىلماقچى ئىدى سېنى ئاياق ئاستى.

قايسى كېچىلەر ئۇ ساڭا ۋاپاسىز،
ئۆمرۈڭ ئۆتتى ھەسرەت، دات بىلەن.
زۇلمەت قۇشى دائىم بېشىڭدا ئۇچۇپ،
ئايىماي ئۇرۇپ كېتەتتى قانات بىلەن.

ئاھ، ئاشۇ جاللاتلار يالماۋۇز كەبى
ساڭا كۆز ئالايتىپ، ئېغىز ھېجايتىپ،

ئاقلىماقچى ئۆز يىرتقۇچلۇغىنى،
پاك ۋۇجۇدۇڭغا جىنايەت ئارتىپ.

قانخورلار سېنى ئۇۋلاپ، سېنى قاپساپ،
ئاقىۋەت چۇشۇردى زەنجىر - تۇزاققا.
رەھىمسىز يىللارنىڭ قىسمىشى بىلەن
ئۆمرۈڭ بارالمىدى ئانچە ئۇزاققا.

قاتىللار قىلىچى چاپتى بېشىڭنى،
ئويلىدىمۇ ئۇلار سېنى ئەۋلاتسىز.
ئۇنتۇمايدۇ سېنى ۋەتەنداشلىرىڭ
ھەم قىساس قوشى ئەمەس قاناتسىز.

1948 - يىل، قورغاس

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# كۆت مېنى

ئەي مېنىڭ جانانە يارىم، كۆت مېنى،
ئامرىغىم، كۆزى خۇمارىم، كۆت مېنى.
يوللىرىمغا ئىنتىزارىم، كۆت مېنى،
ساڭا يەتمەكتۇر قارارىم، كۆت مېنى.

ئاسمىنىڭدا ئويىنىسىمۇ شۇم بۇلۇت،
باغلىرىڭدا قوترىسىمۇ ۋەھشى جۇت،
ئۆپچۆرەڭدە كۆيسىمۇ دەھشەتلىك ئوت،
قورقمىغىن ھەرگىز نىگارىم، كۆت مېنى.

چىن يۈرەكتىن چىقتى ئۇشبۇ يازغىنىم،
يوق مېنىڭ ھەرگىز يولۇمدىن ئازغىنىم،
ئۇنتۇما پەرھات بولۇپ تاغ قازغىنىم،
ھېلىمۇ بار شۇ مادارىم، كۆت مېنى.

ھېلىگەرلەر ئاشكۆكىنى سەپسەمۇ،
ياسىمىن جادۇ كەبى گەپ تاپسىمۇ،
«ئاشىقىڭ يوق ئەمدى» دەپ پال ئاچسىمۇ،
ھېچ گۇمانسىزدۇر بارارىم، كۆت مېنى.

خام سانايدۇ شۇم رەقىپ چۆچۈرىنى،
ئەسلىدە قورشاۋدا قالغان بۆرىنى.

سەنىۇ كۆرگەنسەن شۇ تامدەك تۆرقىنى،
گۆرىمۇ تەييار ئۆلارنىڭ. كۆت مېنى.

مەن تەرەپكە قارىغىن، چولپانغا باق،
كۆنچىقىش ياقتىن ئاقارمىش تاڭغا باق،
شۇم رەقىپلەر چۆچۈگەن چۇقانغا باق،
يالتىرايدۇ زۇلپىقارىم، كۆت مېنى.

مەن بارارمەن پات يېقىندا يول ئېلىپ،
ئەلگە تونۇش غەلبە سازىنى چېلىپ،
چىققەن ئالدىڭغا سەنىۇ قول سېلىپ،
توي قىلار ھېيتكا بازارىم، كۆت مېنى.

شۇندا باغرىڭغا سېنى چىڭ تاڭمىسام،
شۇم رەقىپتىن ئىنتىقاملار ئالمىسام.
ئىككى يۈزلۈكلەرنى داغدا قويمىسام،
چىقمىغاي زادى خۇمارىم، كۆت مېنى.

1948 - يىل دېكابىر، غۇلجا

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

# لېنىن ئۆلمەمدى

لېنىن ئۇلۇغ، لېنىن بۈيۈك، لېنىن بىر يالقۇن،
ئۇنىڭ يولى تەڭسىزلىكنى يانغىنىغا كۆمدى.
ئابىھايات ياراتتى لېنىن تەلىمى،
مەزلۇم ئەللەر تەڭلىك ئىزلەپ شۇنىڭغا چۆمدى.

لېنىن ئىزلەپ كىشىلىكنىڭ دەردىگە داۋا،
بەرپا قىلدى ھاياتلىقنىڭ يېڭى دەۋرىنى.
لېنىن ئىزلەپ شۇ دۇنيادا ھاياتقا مەنا،
تەتۈرلۈكنىڭ، تەڭسىزلىكنىڭ قازدى قەۋرىنى.

جاكالىدى لېنىن ئوقۇپ تارىخ ھۆكمىنى:
ئازاتلىقنىڭ دەۋرى كەلدى، زۇلمەت قېرىدى!
ئەنە، يامراپ يەر - جاھاندا كۈرەش تاشقىنى،
ئەجەل چىرىك تەڭسىزلىكنى گۆرگە سۆرىدى.

— لېنىن ئۆلدى.
— ئىشەنمەيمەن لېنىن ئۆلمىدى.
چۈنكى ئۇنىڭ تەلىمى ياشاۋاتىدۇ.
ئېزىلگەنلەر كۈرەش قىلىپ لېنىن يولىدا
ئەرك بېغىنى گۈللەندۈرۈپ ياشاۋاتىدۇ.

ئەنە دۇنيانى تىترەتكەن كۈرەش لەرزىسى،
ئۇلۇغ لېنىن يولى بىلەن ئىلھاملىنىدۇ.
يېڭى دۇنيا توسالغۇسى، زۇلمەت غەلۋىسى
لېنىن يولى يېڭىش بىلەن تاماملىنىدۇ.

لېنىن دېگەن ئۇلۇغ نامنىڭ غۇرۇرى چەكسىز،
زۇلمەت تەختى ئۈچۈن ئۇنىڭ دەھشىتى شۇنچە.
لېنىن تۇغى يەلپۈللەيدۇ ئالەمدە شەكسىز،
يىراق ئەمەس شۇ كۈنلەرنىڭ ۋىسالى ئانچە.

1949- يىلى، يانۋار

www.uyghurkitap.com

## تاڭمۇ يېقىن

كۈنلەر، ئايلار، يىللار، ئەسىرلەر
ئۆتۈپ كۆزدىن بولىدۇ غايىپ.
بەزى ئۆمۈرلەر كۈلۈپ ئۆتۈپتۇ،
بەزىلىرى رەنجىشىپ ـ كايىپ.

ھاياتلىقتا ئېزىش ـ ئېزىلىش
تارىخنىڭ مۇتلەق قانۇنى ئەمەس.
قېرى دۇنيا مۈكچىيىپ قالدى،
ئۇزاقلارغا بارالمايدۇ، بەس.

ئۇلۇغ تەۋرەش دەۋرىمىزگە خاس،
ئۇ تەڭلىككە بېرىدۇ نۆۋەت.
ئەرك ئىزلەپ قايىنىغان ھايات
كۆرەش بىلەن تاپىدۇ قۇۋۋەت.

مەزلۇملارنىڭ «ئۇررا» لىرىدىن
يورۇماقتا ئەرك تاڭلىرى.
تاڭنى ئارتقا قايتۇرالمايدۇ
قارا زۇلمەت بۇلۇت ـ چاڭلىرى.

1949 - يىل فېۋرال، غۇلجا.

# بىزنىڭ ناخشىمىز

دەۋرنىڭ ئۇلۇغ قاينىمى
قىچقىردى قوينىغا
يۈرەگى تومۇرلىرىنى.
يازغۇم كېلىدۇ
شۇ قايناشنىڭ قوينىدا
يالقۇنلۇق بېيىتلارنى.

ئەنە،
كەڭ مەيداننى يېرىپ ماڭىدۇ
ئۇزاقنى كۆزلىگەن بىزنىڭ سېپىمىز،
ئېيتىدۇ ناخشىلارنى چاڭ كەلتۈرۈپ،
تېپىلماس ئاياقلار چامدايدۇ گۈس-گۈس؛
ھەر چامدامدا زەپەر ئۈندۈرۈپ.
سانسىز دوستلارنى خوشال قىلىدۇ.
تېخى ئېيتىشقا بولمايدىغان
قايناق ئۈمىتلەرنىڭ
دولقۇنىغا چۆمدۈرۈپ.

ئۇزاقتىن بېرى
بۇ كوچىلار يۈز باغرىدا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ھىچ كۆرمىگەن بۇنداق يۇرۇشنى.
ئاڭلىمىغان بۇنداق ناخشىنى ھەتتا.
دەۋرنى لەرزىگە سالغان
بۇنداق يۇرۇشلەر
قالدۇ ئۇتلۇق ئىز بولۇپ ئارتتا.

بىر بېسىپ ئۆتمىگەن يوللار خېلى جىق،
تېخى ئېيتمىغان ناخشىمۇ شۇنچە.
ھەر ناخشىلارنى ئېيتىمىز تېخى،
بوش چاغلىماڭلار ئېيتىشنى ئانچە.
بۇ ناخشىلارنى ئېيتالىماي،
قانچىلا قۇرۇق غىڭشىپ يۈرەر تېخى.
شۇنداق مەرتلەر ئېيتىدۇ ئۇنى
چۈشمىسە قولىدىن
يىراقنى كۆزلىگەن يۇرۇشنىڭ تۇغى.

بىر مەيدىمىزگە ئۇرۇپ،
مەيدانغا چىققان جەڭگىۋار،
قۇرۇق ماختىنىش بىردىن ئۇزاقتا.
دىللار بەنت بولۇپ قالمايدۇ ھەرگىز،
غەپلەت قۇرغان تۇزاقتا.
كۆرەش زوقى
يالقۇنجايدۇ لاۋۇلداپ
بىزلەر ئېيتقان باتۇر قوشاقتا.

ئەتە- ئۈگۈن بولىمىز بىز
سۆزۈك تاڭلارنىڭ قوينىدا؛
ھەر يېڭى ناخشىلارنى
تېخىمۇ جاراڭلىق قىلىپ ئېيتىمىز
ئەنە شۇ ۋاقتتا.

1949- يىل ئاپرېل. غۇلجا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## تاڭ ناخشىسى

ناخشىنى ئېيتسام ئۇزاقتىن ياڭرىتىپ،
سىلكىنىپ تۇردۇڭ-دە، قالدىڭ داڭقېتىپ.
سۆيگىنىڭنى ئىزلىدىڭ جىلۋەڭ بىلەن،
چاچلىرىڭنى ئويناتىپ، پۇلاڭلىتىپ.
كۆزلىرىڭنى چوڭ ئېچىپ، كۆككە بېقىپ
قارىساڭ، ھە. قاپتىكەنغۇ تاڭ ئېتىپ.
بىر ئۈمىت تەپتى، دىلىڭدا ئوت يېنىپ،
ئېيتقىنا. دىدىڭ يەنە چىڭ ئاڭلىتىپ.
ھەم دىدىڭ: ئېيتقىن، نەجەپ شوخ ناخشىكەن،
پارلىدى ئۈمىت-ئىشەنچىم، غەم كېتىپ.
مەن دىدىم: بۇ ياڭرىغان تاڭ ناخشىسى
جانلىتار جانلارنى جانغا جان قېتىپ.
كەل جىنىم، تەڭ ئېيتىلى بۇ ناخشىنى،
قورقۇنۇش، تەشۋىشنى دىلدىن ئىرغىتىپ.
ئىنتىلايلى تاڭ سىرى زوق-شوخ بىلەن،
شۇم جاھالەت ئەھلىنى زار يىغلىتىپ.

1949-يىل، ئاپرېل

# كېلىچەككە سالام

ئازاتلىق دەپ تۇرۇپ يەڭنى،
تىزىلدۇق جەڭگىۋار سەپكە.
يورۇق مەنزىلنى كۆردۇق بىز
نەزەر تاشلاپ كېلىچەككە.

كېلىچەك شۇنچىلىك كۆركەم،
ئورالغان باغۇ- بوستانغا.
ئېچىلغاندۇر ئىشىكلەر كەڭ
ھالال تەر تۆككەن ئىنسانغا.

بارالمايدۇ، كىرەلمەيدۇ
بۇ باغلارغا تىرىكتاپلار.
ئۇنىڭ شىرىن ھۇزۇرىنى
كۆرەر مەردانە پەرھاتلار.

سالام بىزدىن كېلىچەككە،
سالام مەنزىلگە كارۋاندىن!
سالام شىرىنغا پەرھاتتىن،
سالام ئاپتاپقا چولپاندىن

1949 - يىلى، غۇلجا

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ئىشەنچ

كۆڭلىمىز قېتىدا مەغرۇر بىر ئىشەنچ،
ئۇ، گۇمان، غەشلىكتىن خالى ھەم تازا.
قىيىق ئەسكى دۇنيا قىلمىشى بىلەن
كېيمەكتە بېشىغا قاپ - قارا قازا.

غەشلىك قارا تۈنلەر دىلنى غىلغىتقان
سوغاق قوشۇمنى ئاچماستىن تالاي،
بىز ھامان ئىشەنچنى ساقلاپ كەلگەنمىز،
ئەمدى كارامەتنى كۆرنىمىز، ئايھاي.

ئەمدى ھاياتلىقنىڭ ئۆڭكۈر - غارلىرى
كۆرەش مەشئىلىدە يورۇدى تاڭدەك.
بىزنىڭ قەلبىمىزدە ئىشەنچ تۇلغايتىپ،
باھار ئاپتىۋىدەك كۈلدى كېلىچەك.

شۇملۇقتا قۇيىندنى ئاچماقتا ئەجەل،
دولقۇنلار ئەخلەتنى قىرغاقتا ئۇردى.
ئەنە، شېھىتلارنىڭ قىزىل قېنىدىن
چوغدەك چېچەكلەر يانغىلى تۇردى.

ئەرك چۇقانلىرى ياڭرىغانسېرى
ئەنسىز خوجايىنلار ئۆيىدە ماتەم.

كۆلىدۇ بوزەكلەر بەخت-تەلىيى
ۋە كىرىدۇ بىتەم غىزاسىغا تەم.

ئۇچۇقىدۇ ئەمدى زەھەر زىمىستان،
ھاياتلىق بېغىمىز قۇچىدۇ باھار.
ئەپلەت تىلسىمىدىن قۇتۇلغان ئىنسان
قارا نىيەتلەردىن تارتمايدۇ ئازار.

قېمۇرۇلۇپ زۇلمەتنىڭ چىرىك تەختلىرى
ئەركىسىز قامقاقتەك تېنەيدۇ دەشتتە.
ئۇلۇغ مەقسەتلەرنى قۇچقان ساپ كۆڭۈل
بەخت تاڭلىرىغا باغلىدى رىشتە.

ئىشەنچلەر تىكىلگەن شانلىق كېلەچەك
كېلىدۇ، بىزنى بەخت قۇچىدۇ چوقۇم.
يۇمىدۇ كۆزىنى ھەسرەت ۋە ئەلەم،
تىنىدۇ ئاخىرقى تىنىقنى زۇلۇم.

بىر كۈنلەر كېلىدۇ، ئىشەنگىن دوستلار،
جىمىكى شۇملۇقلار كىرىدۇ گۆرگە.
شۇندا چىن قەدرىنى تاپىدۇ ئادەم،
بەخت بەخشەن بولۇپ بىزنىڭ ئۆمۈرگە.

1949-يىل سېنتەبىر، غۇلجا

# ماتەم

ئاھ!...
ئۆلۈمنىڭ ئەگەر كۆزى بولسىدى،
باغرى ئېزىلگەن،
ئەدەبىياتنىڭ ھاياتىنىڭ تېگى سۆزۈلگەن،
نۇرغا قانمىغان ئەل غۇرۇرىغا
سالامدۇ چاڭگال؟!
تۇفى!
شورى قۇرۇسۇن قارا ئۆلۈمنىڭ!
ئارامىنى بۇزۇپ كۆڭلۈمنىڭ
كەلگەن ئېغىر شۇملۇق خەۋەرنى
قايسى قۇلاق بىلەن ئاڭلايدىكەنمەن،
قايسى تىل بىلەن سۆزلەي بۇ دەرتنى؟!
ئاھ! ئېغىر قايغۇ،
ئاھ! ئېغىر ئەھۋال...

كۆرەش يوللىرىنىڭ مۈشكۈللىرىنى
كۆرەشچان خەلق بىلەن بىللە تەڭ تارتقان
دانا ئوغلانلارنى يۇتتى بۇ ئۆلۈم.
بۇ ئۆلكىنىڭ دەرتلىك كۆكسىگە
قايغۇ،
ماتەم ئوتلىرىنى ياقتى بۇ ئۆلۈم.

ھەي،
ئاچچىق دەرتلەرنى
ئېزىلگەن باغرىغا سىڭدۈرگەن ئۆلكە،
بىراق،
سىڭدۈرالامسەن بۇگۈنكى غەمنى؟!
تارتىپ باقتانمىدىڭ بۇنداق ئەلەمنى؟!
سەن يوقاتتىڭ
يېڭى تارىخىڭنىڭ ماختىنىشىنى.
سەن يۇتتۇردۇڭ
ئەخمەتجاندەك ئىسىل ئادەمنى...

سىلكىندى ۋۇجۇت،
تېپچەكلىدى دىل،
گويا تىتقاندەك يۈرەككە بىگىز.
ئەگەر يىغا بىلەن ئۇجۇقسا ماتەم،
بىز بۇگۈن ياش بىلەن
ياساپتتۇق دېڭىز...

ئۆلدى دېمەڭلار،
ئۆلدى دېمەڭلار،
ئىسىل ئوغلانلارنى ئۆلدى دېمەڭلار!
قىزىل چوققىدەك يېنىپ قالدى
ئۇلارنىڭ باسقان پارلاق ئىزلىرى.
ئەنە،
قۇلىقىمىز تۈۋىدە ياڭراۋاتىدۇ
ئۇلارنىڭ
مۇنبەردە تۇرۇپ
بىزگە چېكىلگەن ئوتلۇق سۆزلىرى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ۋاقىراڭلار، دوستلار،
ئۇلارنىڭ ھايات شوئارلىرىنى،
«بىزگە ياراشقايمۇ
كۆز ياش ئاقتۇزۇش؟»
ھەددى ئەمەس ئۆلۈمنىڭ
ئەزىز ئىستەك گۈلشىنىنى
چەيلەپ ياتقۇزۇش!...

دوستلار، ئاتلاڭلار
شانلىق غەلىبىگە
ئۇلارنىڭ پارلاق ئىزىدىن مېڭىپ.
ساقلاڭلار، كۈرەشچان ۋەسىيىتىنى
يۈرەككە تېڭىپ،
يۈرەككە تېڭىپ!
ئۇلارنىڭ روھىغا شەرەپ ياغدۇ
كىشىلىك دۈشمىنىنى چىقساق بىز يېڭىپ.

1949- يىل 2-نويابىر، غۇلجا

## خىتابىم

دېمى ئۆچسۈن قورۇق گەپلەرنىڭ،
غادايغاق مەمەدانلار ئۇجۇقسۇن ئەمدى.
دەرتمەنلەرنىڭ كۆرەش كارابى
هايات دېڭىزىدا
ئۆز كارامىتىنى تونۇتسۇن ئەمدى.

مانا،
سۆزۈك تاڭلاردىن تاپتۇق بىز دېرەك،
تېپچەكلەيدۇ ئىچىمىزگە سىغماستىن يۈرەك.
بىزگە
رەڭۋاز،
پىتنىخور ناتىقلار ئەمەس،
چىن قەدىردان سادىقلار كېرەك.

ئاز تارتمىدۇق،
ئاز تارتمىدۇق،
دوستلار، بۇ دەرتنى.
بىز قان بىلەن يۇيغان يېڭى يوللاردا
ئەمدى تۇرغۇزالمايمىز نىجىس ئەخلەتنى.
ئىردىكتاپلارغا تىزگىن تۇتقۇزۇپ،
تارتىشقا ئۇرۇن يوق پۇشمان ـ هەسرەتنى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئىپلاس لاتقىلا
لەيلەپ يۈرگەن بەتبۇي كۆپۈكلەر
ھاياتىمىز دېڭىزىدا ئۈزمىسۇن ئەمدى.
ھارامتاماقلار
نەپسى چەكسىز، ئىنساۋى يوقلار
يوقسۇللارنىڭ ھالال رىسقىغا
چاڭگىلىنى سوزمىسۇن ئەمدى.

ھالال مېھنەتتە
يارقىرىغان ئەزىز پېشانىلەرنى
ئۇن جېنى يوق ھىچكىمنىڭ تاق قىپ چېكىشكە.
ئۈزۈندىن دۈشكەلەپ ئۆگەنگەن قىللار،
ھەددىڭلار يوق
ئەمدى ئۇلارنى نوقۇپ سەتلەشكە.
كۆپتىن تۇرمۇشقا ئۆگەي كۆرۈنگەن،
خورلۇق تارتقان يالاڭ ئاياقلار
ئىشەنچلىك ئاتلاندى ئۇلۇغ كۈرەشكە.
ئەنە،
چىن ئىنسانلار بەختىگە تاڭ يورۇۋاتسا،
مەن مەغرۇر ناخشامنى ئېيتماي نىمىشقا؟!...

ئاگاھ بولۇڭ،
يەنە ئاشۇ تۈلكە مىجەزلەر
توپىلاڭدا توغاچ ئوغرىلاپ
ئۆمۈر سۈرمىسۇن.

لاي-لاتقىلارنىڭ كەتتى ئۆۋىتى،
ئۇلار يەنە ئاقمەن دەپ جىدەل قىلمىسۇن.

كىرىپ ئالمىسۇن گۈلشەنگە يەنە
لۈمشۈپ يۇرۇپ قۇرۇت-قوڭغۇزلار.
يەتەر شۇنچە ئايىغىنىمىز،
ھەي شۇم غەرەز ئالدامچى دوستلار
قۇلاقلارنى ئاغرىتىپ
داراڭلىماڭلار كونا داسلار.
تويۇپ كەتكەن بىز،
تويۇپ كەتكەن بىز.
كىم بىلىدۇ،
سىپىمىزنىڭ دۈشمەنلىرىمۇ
تېخى بىزگە مەسلەت كۆرسىتەر.
لېكىن ئۆزىنىڭ قاتىل كۆڭلىدە
بەختىمىزگە ئىزلەر زاۋاللىق.
تىمىسقىلاپ ھەر بىر نەپەستە.
تارىختا مۇنداق ئىشلار خېلى جىق؛
ئەزىز دوستلار،
ھەممە ساۋاقلارنى تۇتۇڭلار ئەستە.

تېشى يۇمشاق، ئىچى زەھەرنى
سۆيمەيدۇ ئەمدى
ئەلەم چەككەن،
زەرداپ بولغان،

خۇن بولغان يۈرەك.
بىزگە ئەمدى
دەردىمىزنى چوڭقۇر چۈشەنگەن،
دەرتنى تارتقان،
دەرتنى بىلگەن
باتۇرلار كېرەك.

1949-يىل نويابىر—دېكابىر، غۇلجا

## بۇگۈن

يېڭى كۆكلەم پەسلى كەلدى،
ياشنىدى ئەتراپ بۈگۈن.
باش كۆتەردى مايسىلارمۇ
ۋادىنى قاپلاپ بۈگۈن.

جانغا راھەت بەردى بۇلبۇل
زوق ئېلىپ سايراپ بۈگۈن.
غۇنچىنىڭ ئاغزى ئېچىلدى
نەغمىنى ئاڭلاپ بۈگۈن.

ئەي گۈلۈم، سەنمۇ ئېچىل
بەرگىڭنى ياي يايراپ بۈگۈن.
گۈل ئۈچۈن بەخشەندە بولدى
مەڭگۈلۈك ئاپتاپ بۈگۈن.

1950 - يىل، غۇلجا

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ياشلىغىم

ياشلىغىم، ئۆزەڭگە قويما تەمەننا،
پاك ئەمەس ئىكەنسەن ئەيىپ - نۇقسانىدىن.
تەرگىنىڭ - تاپقىنىڭ چاغلىق ئىكەنغۇ
كۆرۈنۈپ تۇرمامدۇ ئەنە بوخچاڭدىن.

قانچىلىك نەپ ئالدىڭ، قانچىلىك ئۈنۈم
بەڭۋاشلىق ئويۇندىن، خۇنۇك ئاخشامدىن؟
ئەل - يۇرتقا قانچىلىك بەدەل تۆلىدىڭ
شۇ كەمگە كەلگىچە يېگەن ئاش - ناندىن؟

يېڭى كۈن، يېڭى ئىش باشلاندى بۈگۈن،
يېڭىچە ئىش باشلا مۇشۇ باشلامدىن.
جەڭگىۋار ئىشلاردىن تاپقىن يېڭى كۈي
ئەل يېڭى نەپ ئالسۇن يېڭى ناخشاڭدىن.

1950 — 1957 - يىل

# توي

(دۆلەت بايرىمىنىڭ بىر يىللىغىدا بېغىشلاپ)

قىز بىلەن يىگىتنىڭ نىكا كۈننى
«توي» دەپ ئاتايدىكەن بۇرۇن-بۇرۇندىن.
بىراق، ئۇ ھەممىنىڭ شاتلىغى ئەمەس،
مۇراتقا يەتكەنلەر رازى بۇنىڭدىن.

تىڭشىغىن، مەن ھازىر باشقا بىر تويغا
يېڭىچە «ھاي يۆلەن» تارتقۇم كېلىدۇ.
يۈرەك شاتلىغىنى، بۇ تويغا ئاتاپ،
زوقلىنىپ قوشاقتا قاتقۇم كېلىدۇ.

نىمىشقا دىسەڭ، بۇ مىليونلار تويى،
مىليونلار مېھنىتى تۇغدى بۇ تويىنى.
دەل مانا شۇ كۈنى ئېچىلغان بىزگە،
بەخت دىلبىرىنىڭ مېھرىۋان قويىنى.

خېلى زامان بۇ بەخت تويىنىڭ
قىزدىق «بولىدۇ»سى ئۆتتى جەڭلەردە.
يوللارغا راسلىغان پاياندازىمىز
بويالغان مۇبارەك قىزىل رەڭلەردە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئېرىشتۇق بۇ تويغا جانپىدا قىلىپ،
ئاغدۇرۇپ قاتمۇ-قات جاپا تېغىنى.
زەپەرنىڭ سۈپ-سۈزۈك بولاقلىرىدا
يۇيۇپ ئادالىدۇق خورلۇق دېغىنى.

ئېسىمىزدە تېخى كۆلپەت يىللىرى،
ئەل قەلبى ئۆرتەنگەن، باغرى داغ ئىدى.
ئەمگەكچى دەپسەندە، كۆڭلى پەرىشان،
قانخور رودۇپاينىڭ كەيپى چاغ ئىدى.

ياندىن تۆرەلگەن يالماۋۇز بىلەن
ياتلارنىڭ ياۋۇزلۇق ئەلىمى ئۆتۈپ،
ئىچىمىز زەرداپقا تولۇپ كەتكەچكە،
ئاخىر «بەس!» دېدۇق سەۋرىمىز پۈتۈپ.

شۇ ئېغىر كۈنلەرنىڭ دەردىنى تارتقان
خەلقلەر ئىچىدىن چىقتى بىر سىنىپ.
ماياك بولدى سەپكە ئۇنىڭ يۈرىگى
زۇلمەتنىڭ قوينىدا يالقۇندەك يېنىپ.

يەلپۈلدەپ ئۇچقاندا كۈرەش بايرىقى،
سەپ تۈزۈپ مىليونلار جەڭگە كېتىشتى.
شۇ ئۇلۇغ سەپەرگە ئاق يول تىلىشىپ،
قېرىلار قولىنى پۇلاڭلىتىشتى.

شۇ قېرى قوللارنىڭ پۇلاڭلىشىدا
تارىخ ئىرادىسى قىلاتتى جەۋلان

جان بېرىپ ئۆلىنگغا ماركس تەلىمى،
زۇلمەت ئەجىلىگە يېزىلدى پەرمان.

ئۆرتىندۇق شۇم تەختىنى كۆرەش ئوتىدا،
غەلىبىدىن يېڭى تارىخ باشلاندى.
تۈنۈگۈنكى سانسىز ھازىدار دەرتمەن
شادلىققا چۆمۈلۈپ، تويغا راسلاندى.

خوشاللىق نەغمىسى ياڭرايدۇ بۈگۈن
قەددىنى كۆتەرگەن ئەلنىڭ دىلىدىن.
پالاكەت دەشتىنىڭ ئاۋارىلىرى
قىستۇردى چېكىگە بەخت گۈلىدىن.

خەنزۇنىڭ غىجىكى، خۇيزۇنىڭ نېيى،
ئۇيغۇرنىڭ دۇتارى، موڭغۇللىنىڭ خورى،
قازاقنىڭ دومبىرى، مياۋنىڭ بالمىنى...
ئازاتلىق كۈيىنى كۈيلەيدۇ بەرى.

بىلىمىز، بۇ تېخى تويلارنىڭ بېشى،
كارامەت سەھنىسى دەۋرىمىز قوينى.
مۇشەققەت ئالدىدا ياش تۆكمىسەكلا،
ئۇينايمىز ئىشەنچلىك ھەر يوغان توينى.

1950 - يىل سېنتەبىر-ئۆكتەبىر، شىمەن

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

## تارىخنىڭ ھۆكمى

جۇڭگو ئۆكتەبىرى
قىزىل ئۆكتەبىر
تارىخنىڭ بىزلەرگە ئاتىغان بەختى.
ئاخشامقى شۇ ئوپۇر-توپۇر پەيت
كونا جۇڭگونىڭ يېرىلىش ۋاقتى.
تۇغۇلدى بۇندا يېڭى بىر دۇنيا؛
تۈنۈگۈنكى ئاسارەت قۇلى
بۈگۈن مەڭگۈلۈك ئازادلىق جۈپتى.

ئۇلۇغ تەۋرەشلەر ئالغاچقا نۆۋەت،
مىلىك يىللىق پالەچنىڭ دېمى سىقىلىپ،
خائىن دەللاللارنىڭ،
غەرپتىن ئۆمىلەپ كەلگەن ياۋۇزنىڭ
ئۆكتەملىكى گۆرگە تىقىلىپ،
يەنئەن باغرىدىن ئېتىلغان توپتىن
شۇم گەۋدە تەختىدىن چۈشتى يىقىلىپ.

يۇرۇش قىلدى بىزنىڭ سىپىمىز
تارىخ چاقىنى ئالغا ئىتتىرىپ.
دەۋرىمىزگە
«غالىپ» نامىنى بەخشەندە قىلدى
تارىخ ئۆزى ئەزان قىچقىرىپ.

بىشەملەرنىڭ چىرىك دۇنياسى
غەزەپ بىلەن ماتەمگە چۆمدى،
كۆرۈپ بىزدىكى زەپەر ـ غەلىبىنى.
شۇڭا «ئاق ساراي»دىن چىققان قاراقچى
ئەگەشتۈرۈپ يەنە غالچىلىرىنى
يان ـ يېنىمىزدا سالدى غەلۋىنى.

ئۇلارنىڭ چاۋشىيەندە تۆككەن قانلىرى
زادى يات ئەمەس
ۋۇجۇدىمىزدىكى قىزىل تومۇرغا.
خوشنىمىزنى قىلىپ دەپسەندە،
ئوراپ قارا، سېسىق تۇتەككە،
دەيدۇ تېخى:
«بىز دۇنيانى پۈركەيمىز نۇرغا!»

كىم بىلمەيدۇ،
ئۇلار كۆپ زامان
بىزنىڭ قېنىمىزنى ئىچىپ دەندىگەن،
جىياڭ ئاتلىق غالچىغا ئاغامچا بېرىپ،
باغلاپ ـ چۇشەپ ئەۋلادىمىزنى
پۈتۈنلا يۇتۇشنى خىيلى پەملىگەن.
تېخى بىر گەپنىڭ ئىنكىسى بولسا،
بولۇۋالدۇ بىزگە غەم يىگەن.

قۇرۇسۇن ئۇنداق راپاۋەتلىرى،
ئاز بولغانمىدى
شۇ نومۇسسىز بۇلاڭچىلارنىڭ
بىزدىن تاپقان تاپاۋەتلىرى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئۇنىڭ قىزارغان ئىككى كۆزىدىن
چىقىپ تۇرمامدۇ
بىر ئەسىرلىك ئەجدادىمىزنىڭ —
قىزىل قېنىنىڭ نادامەتلىرى ...

بىز ئۇلارنى ئۇنتۇپ قالمىدۇق،
قەلبىمىزدە ئەلەملىك تارىخ —
تارتىپ ئۆتكەن كۈلپەتلىرىمىز.
جاھانگىر پۇشتىدىن ۋاپا يوق بىزگە،
مۇشت توڭلۇپ تۇرىدۇ شۇڭلاشقا بۈگۈن
يەتتە ياشتىن - يەتمىش ياشقىچە
باغرى زەرداپ ئەۋلاتلىرىمىز.

دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ نادانلىق —
جاھانگىردىن ئىنساپ تىلەپ قىلماق ئىلتىماس.
بۇ ئۇلۇغ يەكۈن
لېنىندىن بىزگە قالغان گاڭ مىراس.
مەزلۇملارنىڭ قانلىرى بۈگۈن
قان سورايدۇ قاتىللىرىدىن؛
ئادەم ئۆلىدۇ،
ئۆلمەيدۇ قىساس.

پوپۇزىلاردىن چۆچۈپ قالمايمىز؛
«ئاللا - توۋا» — ئەندىشە بىلەن
كىندىگىمىز قوش ئەمەس بىزنىڭ.
بىزنى ھەرگىز يېتىم دېمەڭلار،
قويۇنغا بوزەك قامقاق دېمەڭلار،
يىلتىزىمىز بوش ئەمەس بىزنىڭ.

دۇنيانى ياراتقان ئەمگەكچى ئىنسان
بىزدە ئەلنىڭ تولۇق ئىگىسى.
شۇڭلاشقىمۇ
چېچىلمايدۇ بۇلاڭ - تالاڭغا
زامانىمىزنىڭ هالال مېۋىسى.

بىراۋنىڭ هالال نېسىۋىسىگە
كىمكى سوزسا ياۋۇز قولىنى
ئىلىندۇرىدۇ ئىلگەككە چوقۇم
تويماس گېلىنى.
بىراق جاهانگىر دېگەن ئۆكتەمنىڭ
چۈشەنگىسى كەلمەيدۇ پەقەت
هەقىقەتنىڭ بۇ ئېنىق تىلىنى.
هەقىقەتنى — تارىخ هۆكمىنى
رەت قىلىپ بولماس
چىقارغان بىلەن ئۆكتەم دولىنى.
بەس، جاھانگىرغا ئۆتمەس نەسىھىتىمىز،
ئۆينىسا ئويىنسۇن ئوت بىلەن، مەيلى،
شۈبهىسىزكى، ئۇنىڭ شۇ پەيلى
سورۇيدۇ كۆككە ئۆزىنىڭ كۈلىنى.

1951 — 1962 - يىل ئۈرۈمچى

# دېخان قىزىنىڭ ناخشىسى

بەلنى مەھكەم باغلايمەن،
ئىشلەپ زادى تالمايمەن.
مەن - مەن دېگەن يىگىتنى
ئېتىزلىقتا چاغلايمەن.

ئانام دەيدۇ: ھېرۇنغا
بېرىدىغان قىزىم يوق.
ھورۇنلارغا مېنىڭ ۋۇ
قارايدىغان كۆزۈم يوق.

ئېتىزلىقتا قارايمەن،
ئىشچانلارنى تاللايمەن.
ئىشتا پىشقان يىگىتنىڭ
سادىغىسى بولاي مەن.

ئىشتا پىشقان ھەي يىگىت،
قوشۇلساڭچۇ ناخشامغا.
ئالدىرىما، ئوي قىلمىز
كۆزلۈككە بىر ئاخشامدا.

1952 - يىل ئۈرۈمچى

# كۆيۈپ قالدىم مەن ساڭا

كۆيۈپ قالدىم مەن ساڭا،
كۆيگىنىمنى بىلەمسەن؟
قاراپ كۆزۈم تەلمۈردى،
بىر قارىساڭ ئۆلەمسەن؟

*

سەھەر چىقىپ ئۆستەڭگە،
كۆردۈم سېنى يىراقتىن.
ئېزىققاندەك يولۇمدىن،
ئەگىپ ئۆتتۈم بولاقتىن.

باقسام، كەتمەن قولۇڭدا،
سۇ باشلاپسەن ئېتىزغا.
شۇ تۇرقۇڭدا، چىمەنگۈل،
ئوخشىمايسەن ھېچ قىزغا.

زوقۇم كېلىپ ئىشىڭغا،
بارغۇم كەلدى قېشىڭغا.
بىر گەپ قىلغۇم بار ئىدى،
تەگمەي دىدىم چىشىڭغا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كەلگىنىنى بىلسەڭ ئۇ،
كېتەرمىدىڭ بېشىڭنى.
تاڭ شامىلى مەن بولسام،
ئويىنار ئىدىم چېچىڭنى.

يوشۇرۇندى چولپانمۇ
ئويالغاندەك سېنىڭدىن.
مەنمۇ تارتىپ خىجالەت،
ئۆتۈپ كەتتىم يېنىڭدىن.

*

قايتىشىمدا چۈش بىلەن،
كۆزلەپ ماڭدىم ئۇزاقنى.
كۆك بوغدايىنىڭ ئىچىدە
كۆردۈم «لەيلىقازاق»نى.

«لەيلىقازاق» دېگىنىم،
سەن ئىكەنسەن قارا كۆز.
گۈل قىسقاندەك بوپتىغۇ
سېنىڭ بىلەن دالا - تۈز.

*

مەن ئىشىمنى تۈگىتىپ
قايتقان ئىدىم ئاخشىمى.
ئېيتىپ كەتتىڭ بۆلەكچە
يېقىملىق بىر ناخشىنى:

«يىگىت بولساڭ، ئىشچان بول،
ئىش قويندا پىشقان بول.
ئەل سەگسۈن ئەجرىڭدىن،
چۆل قويندا بوستان بول.»

«يىگىت بولساڭ، باتۇر بول،
ھالال ئىشقا ماھىر بول.
تاپاي دېسەڭ زۆھرەنى،
ئەل ئىشقىدا تاھىر بول.»

*

ئۆرگىلەي شۇ ناخشاڭدىن،
يۈرىگەمنى ئويناتتىڭ.
يىگىتلەرگە شەرتىڭنى
ناخشاڭ بىلەن ئاڭلاتتىڭ.

سىناپ كۆرگىن سەن مېنى،
يارايمەنمۇ شەرتىڭگە.
قوبۇل قىلساڭ، تاپشۇراي
يۈرىگەمنى ئىلكىڭگە.

خىسلىتىڭگە تەسەددۇق،
چوغ ئىكەنسەن چىمەنگۈل.
كۆيگىنىمنى بىلدۈرەي،
كىملىگىمنى ئۆزەڭ بىل.

1952 - يىل ئۈرۈمچى

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى
www.uyghurkitap.com

## باھار شامىلى

غۇر - غۇر ئۇچۇپ ئىللىق شوخ شامال،
يان - يېنىمدىن ئۆتتۈك قىيغىتىپ.
ئادالىدىك قىشنىڭ دېغىدىن
دەل - دەرەخنى يەلپۈپ، ئىغىتىپ.

سۆيۈپ يۈزنى،
بېرىسەن ھۇزۇر،
يۈرەكلەرنى زوققا ئورايسەن؛
ئەلچىسى سەن قايسى پەسىلنىڭ،
زەپ يېقىملىق، تاتلىق پۇرايسەن.

سېنىڭ چۇچۇك شېئىرلاشلىرىڭ
ئېغىر ئۇيقۇدىن ئويغاتتى يەرنى.
بىز بۇ يەرنىڭ قەدىم سىردىشى،
ئۇنىڭ باغرىدا تۆكىمىز تەرنى.

ئىللىق شامال،
بىلىمەن سېنى،
ياڭراق نەغمە راسلاپ كېلىسەن.
ئاشىق قىلىپ يېشىل پەسىلگە،
سازەندىلەر باشلاپ كېلىسەن.

نەغمە ئاڭلاپ يېشىل دالىلار
يەلپۈشۈگەن ئوينار يەلپۈنۈپ.
ئالدىرايدۇ ئۆسۈشكە ئۇلار
مول ھوسۇللۇق تويغا تەلپۈنۈپ.

بىلەمەن سېنى،
باھار شادلىقى،
تەبىئەتنىڭ ئاچتىڭ ھۆسنىنى.
زىمىستاننى داڭدا قالدۇرۇپ
باشلاپ كەلدىڭ باھار پەسلىنى.

1954 - يىل، باھار ئۈرۈمچى

## ئالدانغان قىزغا

يىغلىمىغىن،
سەندىنمۇ ئۆتتى.
بەگۋاشلىغىڭ ئالداپتۇ سېنى،
بىلسەڭ ئىدىڭ،
قوشۇلماس ئەسلا،
سۆيگۈ بىلەن بەگۋاشلىق قېنى.

1954 - يىل

# ئىشچان يىگىت

يېزىمىزنىڭ غۇرۇرى
ئىشتا پىشقان ياش يىگىت.
ئىش قوينىدا ئۆملەشكەن
ئىشچانلارغا باش يىگىت.

ئەمگەك تەرى پارلايدۇ
ماڭلىيىدا كۈمۈشتەك.
ھەم ئوقۇيدۇ بىرياقتىن
نادانلىقنى نومۇس دەپ.

بىللە ئىشلىگەنلەرگە
بىلىنمەيدۇ مۇشەققەتمۇ.
قىزىمايدۇ ئۇنىڭسىز
توي - تۆكۈنمۇ، مەشرەپمۇ.

قىزلارغا ئۆز ئوغۇل،
تەڭتۇشلەرنىڭ گۈلى ئۇ.
ئېيتىڭلارچۇ قىز باللار،
قايسىڭلارنىڭ خىلى ئۇ؟

1954 - يىل

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

# بەخت

شۇ بەختلىك كۈنلەرنىڭ قوينىدا ياشاپ،
بەخت شەنىگە شېئىر يازماقچىمۇ بەختىم.
ھەقلىقمەن يېزىشقا، ئېلىم بىلەن تەڭ
مەنمۇ شۇ بەختنىڭ قەدرىنى چاقتىم.

بۇ بەختنى پەلەكنىڭ ئىلتىپاتى دەپ،
ئاتاشنى ئۆزەمگە گۇنا بىلىمەن.
پەتىۋاغا قىلچىلىك ھاجىتىممۇ يوق،
شاھىتنى تارىختىن باشلاپ كېلىمەن.

بەختنىڭ ئانىسى ئادەمنىڭ ئۆزى،
ئادەم قولىدا تاش ئالتۇن بولىدۇ.
ئادەمنىڭ مېھنەتتە تۆككەن تەرلىرى
جەملەنسە جاھاندەك كەلكۈن بولىدۇ.

بىراق، زامانلارنىڭ قىڭغىر يولىدا
بەخت تېنەپ يۈردى سانسىز ئەسىرلەر.
ئولجا قىلدى ئۇنى قولى ئۇزۇنلار
ۋە ئۆزىگە بېزەك قىلدى قەسىرلەر.

ئادەملەر بەختنىڭ «سىرى»نى ئىزلەپ،
كۆپمىڭ يىل پەلەككە ئىلتىجا قىلدى.

تۈگۈلگەن ياشلارغا تولدى ئىتەكلەر،
قېنى، ئەلتەجانى كىم بەجا قىلدى؟

قانچىلار باش ئېلىپ دەشتلەرگە كەتتى،
مازارلارغىمۇ كۆپ يېقىلدى چىراق.
قانچە داش قازاننىڭ تۈۋى تېشىلدى،
ئالەمدى ھىچ دىماق چىن بەختتىن يىراق.

بەخت دەپ ھېساپسىز قان تۆكتى ئادەم،
قانچە ئوردا - تەختلەر قىلىندى گۇمران.
بىراق ئىگىسىنى تاپالمىدى بەخت،
يەنە كىنا تەقدىر بولدى ھۆكۈمران.

ئاقتۇزغان قېنىنىڭ بەھرىنى كۆرمەي،
قانچىلار جاھاندىن ئەلەمدە كەتتى.
«جاھاننىڭ رەپتارى» بولغاچقا ئەگىر،
ئۇتتۇقنى تىردىكتاپ ماراقچى ئۇتتى.

«بۇ نىمىشقا شۇنداق؟» دىگەن كۆپ سوئال
زامان - زامانلاردىن قالدى جاۋاپسىز.
بىراق «تەقدىر» قانچە «تىلسىم» قۇرسىمۇ
بولمىدى ئادەمنىڭ پىكرى قاناتسىز.

ماركس دىگەن ئادەم تارىخ ۋاراقلاپ،
يەتتى شۇ «سىر» لارنىڭ تېگى - تەكتىگە.
بەختكە يول ئېچىپ، داۋا تاپتى ئۇ
سانسىز ئەسىرلەرنىڭ رەنجى - دەردىگە.

ئەجىر مېۋىسىنى ئالسا ئىگىسى،
جاھان ئوڭشىلىدۇ، دىدى شۇ ئۇستاز.
چېلىشىپ شۇ كۈنگە يېتىدۇ ئادەم،
ئېچىلار شۇندا بەخت گۈلى قىش ۋە ياز.

ماركس ئېچىپ بەرگەن سىرلار دەستۇرى
لېنىن تۈزگەن سەپتە كۆتەردى قامەت.
«ئاۋرورا» ئاتقان توپ كونا دۇنيانىڭ
بېشىغا ياغدۇردى تۇنجى ھالاكەت.

بەختلىك كۈنلەرنىڭ سىگنالى بولدى
ئۆكتەبىر جېڭىنىڭ غالىپ ئۇرراسى.
ئېچىلدى شۇ كۈندىن قىزىل نۇر چېچىپ
كۈرەشچان دۇنيانىڭ يېڭى ئېراسى.

لېنىنغا قول بەرگەن مېنىڭ ئېلىمدە
يېشىلدى قاتمۇ-قات دەھشەتلىك تۈگۈن.
قانلار كەلكۈنىدە بۇزۇپ كونىنى،
ھاياتنى يېڭىچە قۇردۇق بىز بۈگۈن.

بەش يىللىق بەختنىڭ نۇرلۇق قوينىدا
ياشنىماقتا ئېلىم ھۆسنىگە تولۇپ.
قىزىل سەپنىڭ غالىپ ئەمزاسى بىلەن
بەختىمىز پۈتۈلدى قانۇنى بولۇپ.

بەختىمىز گۈلىنىڭ ھەربىر بەرگىدە
پارلايدۇ مەرتلەرنىڭ تۆككەن تەر-قېنى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

پۈتۈلدى بىزنىڭ زامانىمىزغا
بىر پۈتۈن تارىخنىڭ چاقناپ كۆتكىنى.

پارتىيە باش بولغان بۇ ئازات ئەلدە
ھەقىقەت بولمايدۇ ئەمدى بوزۇقتۇم.
ھالال تەر تۆككەنلەر خوجايىن بۇندا،
شۇم تىردكتاپلارنىڭ ھەۋەسى مەھكۇم.

خوشاللىقۇ بۈگۈن سەن زەربىدار تۇرسۇن،
تەبەسسۇم ئوراپ ئاپتۇ لىۋىڭنى.
ئىشەنچلىك بىر ئۇلاق مىنمىگەن ئۇيغۇر،
ئويلاپىمىدىڭ كىيىچە ئاپتومۇبىلنى؟...

ھە. بىزنىڭ ئۆمرىمىز ئۆتىدۇ شۇنداق،
ئىشىمىز بەركەتلىك، كۆڭلىمىز گۈلدەك.
بىزنى مەس قىلالماس غۇرۇرلۇق كەيپى،
ئەقلى كۆزىمىزنى باسالماس ئۆگدەك.

بەختىمىز قىممىتى ۋىجدان بىلەن تەڭ،
بۈگۈن ھەم ئەتىمىز ئۈندىن بەھرىمەن.
ياشنايدۇ بارغانچە بەختىمىز بىزنىڭ،
زوقلىنىپ كۈيلەيمەن مۇشۇ بەختنى مەن.

1954 - يىل ئۈرۈمچى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

## ۋالاقتەككۈرۈپنىڭ ئۆلۈمى

رەھمەتلىك ئاغىنەم ۋالاقتەككۈرۈپ
ئاغزىدىن جان بەرگەن،
(بۇنداقلار جىققۇ).
«ئۆلگەننىڭ ئەيىۋىنى كوچىلاش گۇنا»،
مەيلىلا،
«خۇدانىڭ رەھمىتى كۆپ»قۇ.

ئۇ تىرىك ۋاقتىدا خوتۇنى ئايخان
ئۇي ئىشلىرىغا ئۇلگۈرەلمەيتتى.
ئۇزىغۇ ئانچىلا ھورۇنمۇ ئەمەس،
بىراق، ئويقۇدىن باش كۆتىرەلمەيتتى.
نىمىشقا دېسىڭىز، بىچارە خوتۇن
ئالالمايتتى تۈزۈك كېچىسى ئارام.
ئېرى چۈشىدىمۇ لېكسىيە ئوقۇپ،
ئۇنىڭ ئويقۇسىنى قىلاتتى ھارام...

كېيىنىز خوتۇننىڭ ئۈستىدە ئەمەس،
ۋالاقتەككۈرۈپنىڭ خۇلقىغا تالدىق.
ئۇ ئوبدان تۇگەتكەن ئون نەچچە كۇرسنى،
بەستىمۇ رەھبىرىي خادىمغا لايىق.
كېلىدۇ خىزمەتكە ئانچە كېچىكمەي،

بولۇپمۇ مەجلىسكە دائىم بىرىنچى.
ئەگەر بەرسەڭ بىرەر مەجلىستىن خەۋەر،
بېرىدۇ ساڭا ئۇ بەلكى سۆيۈنچى.
مۇبادا سەن ئۇنى ئىزلىمەك بولساڭ،
«نەدە مەجلىس بار؟» دەپ سورايسەن جەزمەن.
تونۇمساڭ ئۇنى،
بەلگىسى ئېنىق:
سۆزلەشكە پەرۋانە، ھەممىدىن سۆزمەن؛
ئۇ پىلان ئۈستىدە سۆزلىسە ئەگەر،
ئۇنتۇماس قانۇننى چۈشەندۈرۈشنى.
شۇ يېرى قالتىسكى، ۋاراقلايدۇ ئۇ
قانۇن تارىخىنى — ئۇزاق ئۆتمۈشنى.
دەۋرلەر تارىخى سۆزلىنەر بىر - بىر،
دەسلەپكى كومۇنا سۆزگە بىر تۈگۈن.
شۇ يەردە بىر تىنىپ، قىلىدۇ خىتاب:
«ياخشىراق ئاڭلاڭلار، خىزمەت يوق بۈگۈن».
مەلۇمات بېرىدۇ شۇندىن كېيىنلا
يەرنىڭ قانداق بىنا بولغانلىغىدىن.
سۆز ئەدىي تارىخنىڭ چېكىدىن چىقىپ،
تەبىئەت ئىلمىگە كۆچىدۇ بىردىن.
سەن بىلەن بىزغۇ پەننى سۆيىمىز،
بىراق بۇ لېكسىيە كىرمەس قۇلاققا.
مەجلىستىن قاچىسەن جاۋاپ تاپالماي،
«پىلان قانداق بولدى؟» دىگەن سوراققا.
ئۇ يەنە سۆزلەيدۇ ھەممىدىن بىغەم،
چاۋاكمۇ كۈتىدۇ ھاياجانلىنىپ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قايناپ كېتىدۇ، «قىسقىراق» دىگەن
شەرەتلەرنىڭ كۆرمەسكە سىلىپ.
بىر چاغدا ھەر جايدىن باشلانسا گۈدۈك،
«يىغىپ ئېيتقاندا...» دەپ بېرەر تەسەللا.
ئەمما سۆز توختىماس، ئۆرلەيدۇ شاۋقۇن،
ئۇ ئەمدى «ئاخىردا» دەيدۇ ئارانلا.
«ئاخىردا» تۇرماق «ئەڭ ئاخىردا...»
دىگىنى بىلەنمۇ تۈگىمەيدۇ گەپ.
كىم بىلىدۇ، ئۇمۇ غەم يەيدىغاندۇ
بىلمىگەنلەر بىلىۋالسۇن دەپ.
بەزىدە قۇيرۇغى ئۈزۈلمەي سۆزنىڭ
سوزۇلىدۇ مەجلىس يېرىم تۈنگىچە.
باشلىنىدۇ خورەك بۇلۇڭ.. بۇلۇڭدىن،
ئېلېكترمۇ ئۆچۈپ قالار ئاتقىچە.
دەيدۇ ئۇ شۇ چاغدا: «بىر بىرىمىزنى
كۆرۈپ ئولتۇرۇشنىڭ ئەھمىيىتى يوق.
مەقسەت بۇ پەردە دوكلاتنى ئاڭلاش،
قۇلاقنا ئوخشاشقۇ قاراڭغۇ - يورۇق...»
تاقىتى قالمىغان كىشىلەر بىردىن
پۇت ئۈچىدا دەسسەپ قاچار غىپىلداپ.
باشلىق قاراڭغۇغا سۆزلەيدۇ ھەدەپ،
بەزىدە تاڭمۇ قالار يېقىنلاپ.
بىر چاغدا باشلىقنىڭ خۇمارى تۇتۇپ،
تاماكا چېكىشكە يېقىپ سەرەڭگە،
قارىسا ئالدىغا، كۆرۈنمەس ھىچكىم —
ئادەمنىڭ ئۇچۇتى قالمىغان ئۆيدە.

شۇ چاغدا ئاغىنەم ۋالاقتەككۈرۈپ
تېرىكىپ قايتىدۇ، ئۆيگە كېلىدۇ.
مەجلىستىن ئېشىپ قالغان دوكلاتنى
خوتۇنى ئايخانغا سۆزلەپ بېرىدۇ.

ئۇ شۇنداق زېرىكمەس چۈشەندۈرۈشتىن،
سوئالمۇ ھاجەتسىز ئۇنىڭ سۆزىگە.
رەنجىتىپ قويماي دېسىڭىز ئۇنى،
كۆرۈنمىگىنىڭىز ياخشى كۆزىگە.

بىر كۈنى ئاغىنەم رادىيو ئۇزېلدا
ئون مىنۇت سۆزلەشكە تېگىپتۇ پۇرسەت.
بىراق، ۋاقىت يەتمەي كىرىش سۆزگىمۇ،
سوراپتۇ ئۇ يەنە ئون مىنۇت رۇخسەت.
رۇخسەت قىلىنماپتۇ، تېرىكىپ سۆزمەن
توختاپتۇ سۆزىدىن «داۋامى بار» دەپ.
بۇ ئىشتا جاۋاپكار كادىرلار كايىپ،
چۈشۈرۈۋېتىپتۇ مۇنبەردىن ھەيدەپ...

ھار كەپتۇ بۇ ئىشلار ئاغىنەمگە بەك،
ئۆلمەپتۇ، ئۇنىڭ بىرسى بوپتۇ.
كەلسە ئىدارىگە شۇ يەردىن قايتىپ،
نەدىندۇر ئامبارغا ئوت كېتىپ قاپتۇ.
ئادەملەر ئولىشىپ تۇتۇنغان ئوتقا،
پاژارنى ئەترەتكە خەۋەرمۇ كەتكەن.
ئولاشقان ئادەمنى كۆرۈپ ئاغىنەم

ئويلاپتۇ: «سۆزلەشكە ئوبدان پەيت ئىكەن».
— يولداشلار، — دەپتۇ، — قولاق سېلىڭلار.
دۆلەتنىڭ مۈلكىنى ئاسراش بەك مۇھىم.
ھەرقانداق بىر ئىشنىڭ ماھىيىتىنى
بىلىش كېرەك، — دەيدۇ پارتىيە دائىم...»
بىراق ئادەملەرنىڭ تەشۋىشى ئوتتا،
لېكسىيە ئاڭلاشقا زادى تاقەت يوق.
كايىپتۇ ئاغىنەم شۇندا ھەممىگە:
«سىلەردە نەزىرىيە ئىشقى پەقەت يوق.
بىر ئىشنى قىلىشتىن ئاۋال شۇ ئىشنىڭ
چۈكۈش كېرەككۇ تېگى - تەكتىگە.
شۇ ئوتنى چۈشەنمەي ئۆچۈرگەن بىلەن،
بولمايدۇ ئىش چوكىتۇر ئۇتتۇقتا ئىگە.
ھەي كاتىپ،
ماخەقنى يىققىنا چاپسان،
سۆزۈمنى ئاڭلىسۇن تىزدىلىپ رەتكە.
مۇشۇنداق پەيتلەردە نەزىرىيىنى
باغلاش بەك قولايلىق ئەمەلىيەتكە...»
شۇ چاغدا ئادەملەر بۇ سۆزنى ئاڭلاپ،
چۇقان كۆتىرىپتۇ ئوغىسى قايناپ.
«... سېنىڭ لېكسىيەڭنى چۈشەنمەيدۇ ئوت،
تولا ۋالاقلىما تىلىڭنى چايناپ!...»
ئەرۋايى ئۆچۈپتۇ ئاغىنىمىزنىڭ
بۇ سۆزلەر كىملەردىن. چىققانكىن، قانداق؟
شۇ چاغدا ھەقلىق ئۇ غوغا كۆتەرسە،
ھاقارەت قىلامدۇ رەھبەرگە شۇنداق.

كۆزى چەكچىيىپتۇ ئۇنىڭ شۇ زامان،
سوغاق تەر ئېقىپتۇ پىشانىسىدىن.
بايىقى ئەلەمگە تۇتۇشۇپ بۇ دەرت،
كەتكىلى تاسلا قاپتۇ ئېسىدىن...

خەير، ئاخىرى ئۇتمۇ ئۆچۈپتۇ،
ئەتىسى كۆپچىلىك مەجلىس ئېچىپتۇ.
رەھبەرنىڭ كىچىككى قىلىغى ئۈچۈن
ھەممىدىن غەزەپلىك تەنقىت يېغىپتۇ.
ۋالاقتەككۇرۇپنىڭ كەيپى بەك يامان،
تۇن بويى ئۇھ تارتىپ كىرپىك قاقمىغان.
تۇنۇگۈن بولۇنغان ئاھانەت ئازمۇ،
ھېچقاچان ئۇ بۇ داق ئەلەم تارتمىغان.
تەنقىتنى ئاڭلىماق تېخىمۇ ئېغىر،
قۇتۇلۇشقا ئىزلەپ كۆرۈپتۇ چارە.
ئاخىرى تەنقىتنى بىر ياققا قايرىپ،
دوكلاتقا چۈشۈپتۇ يەنە بىچارە.
غۇلغۇلا باشلىنىپ كېتىپتۇ شۇندا:
«بەس، يېتەر، نىمانداق قۇرۇق گەپچىسەن!»
«ۋاقىتقا خىيانەت سەپسەتەڭ سېنىڭ!»
«ماھىيەتتە چوڭ خىيانەتچىسەن...!»
بۇ ئاھانەتلەرگە چىدالماي سۆزمەن
تىرىككىدا ئارتقا ئۆچۈپ كېتىپتۇ.
ھەممىنىڭ دىققىتى بۇزۇلۇپ بىردىن،
مەجلىسنى شۇ يەردە دەرھال يېپىپتۇ.
«خىيانەتچى» بىلەن چىققان ھادىسە،
شۇ كۈنى يۇقۇرىغا بېرىپ يېتىپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۆلارمۇ تەكشۈرۈپ، بۇ ئاتالمىنى
«ئاساسى جەھەتتىن توغرا» دېيىپتۇ.
يۇقۇرىدىن شۇنداق باھانى ئاڭلاپ،
خورلۇق ۋە ھەسرەت قىينىدى ئۇنى.
ئويلىمىغان ئىدى بۇنداق بولار دەپ،
باشتىچە ئىدىغۇ ئۇنىڭ كۈتكىنى:
ئۇ تىنىماي سۆزلىسە، ھەممە ئاڭلىسا،
قول ئاستىدىكىلەر چالسا چاۋاكنى.
رەھبەرلىك بۇلارنى ئىش دەپ چۈشەنسە...
تاپقىنى ئەمەسمۇ ئالتۇن تاۋاقنى.
نەزەردىن چۈشتى ئۇ، تۆكۈلدى ئابروي،
ئەمدى نېمە ھۇزۇر ئالسۇن ھاياتتىن؟
ئاھ شېرىن ئارزۇلار، ئەسقاتمىدىڭغۇ،
قۇتقۇزۇۋالساڭچۇ ئىگەڭنى دەرتتىن.
ئەلەملەر ئىلكىدە چوڭقۇر ئاھ ئۇرۇپ،
ئۆزىگە سۆزلىدى سۆزمەن ئەپەندى:
«كۆتۈرۈپ يۈرەرمەن بۇ باشنى قانداق،
ئۆلگىنىم ياخشىغۇ، ئۆلدۈمغۇ ئەمدى.»

.........................................

ۋە لېكىن ئاغىنەم ۋالاقتەككۈرۈپ
راست ئۆلۈپ كەتتىمۇ — بىلمەيمەن بۇنى.
بۇ ئىشنى ئانچىلا سۈرۈشتۈرمەڭلار،
ئۆلگەنگە ھېساپقۇ «ئۆلۈم» دېگىنى.
«مىڭ ئېغىز گەپ قىلغان ئۆلدۇ» دەپتۇ،
دەرۋەقە ئاغىنەم شۇۋەجىدىن ئۆلدى.
ئۇنىڭغۇ چىرايلىق ئۈزىتىپ قويدۇق،
ئەمدى گەپ تىرىكلەر ئۈستىدە قالدى.

1955 - يىل

## يۈرەك سۆزى

مىللەت
ياخشى - يامانلىقىنىڭ قاشقىسى ئەمەس.
بىز چۈشەنگەن، ھەقىقەت شۇكى،
بۇ پەرقنى،
ئالدى بىلەن ئايرىيدۇ سىنىپ،
باشقىسى ئەمەس.

«تىلى ياتنىڭ دىلى يات» دېگەن پىتنىنىڭ
قانچە قايناتساڭ،
ھەقىقەت بىلەن قوشۇلماس قىنى.
بىزمۇ تارىخ بىلىمىز،
ئەي چىرىك ئەپسانە،
كىم توقۇدى،
كىم سەھنىگە چىقاردى سېنى؟...

يامان نىيەت يامانغا تالىق،
بىز يامان دەپ كىمنى ئېيتىمىز؟—
تەڭسىزلىكنىڭ ھامىلىرىنى،
ھەق - ئادالەت قارغۇلىرىنى.
كۆرۈپ تۇرىمىز
پىتنە پۈتۈلگەن ۋەسىقىلەردە
شۇ زوغويلارنىڭ تامغىلىرىنى.

بىز ئېزىلگەنمىز
جىيالگە جېھىشى جاللاتتىن،
مىللى مۇناپىقتىن دەرسەرلەردىن.
ئۇلاردىن ئېلىشقا ھەقلىق ئىدۇق بىز
تۆككۈلگەن قانلارنىڭ ئىنتىقامىنى.
بىراق،
قاتىللاردىن تارتقان دەرتكە پايانسىز،
بۇلغىمايمىز مىللەت نامىنى.

ھەيلى، بولسۇن قايسى مىللەتتىن
قايسى ئايماقتىن،
شۇ قاتىللارنىڭ تەكتى بىر نەسەپ،
يۈرسە ۋە رەڭگىنى ھەرياڭزا بوياپ.
كىمكى ئەگەر،
ئۇلار تۆككەن قان كىمنىڭ قېنى دەپ
سورىسا بىزدىن،
ئىككىلەنمەي
«سېنىڭ-بىزنىڭ قېنى» دەپ بېرىمىز جاۋاپ.

خۇددى جاھاندا ئادالەت يوقتەك،
بىزگە يات سىنىپ
ھەقىقەتنى قانچە زامانلار
قارا پەردىلەرگە يوشۇرغان ئىدى.
بىز ئەزەلدىن باغرىمىز دەيمىز قازاقنى،
خەنزۇ بىزنى قېرىنداش دېدى.
بىلسەڭ دوستۇم،

تەگسىز زامانىنىڭ قىستاقلىرىدا
سىقىلغان ھەقىقەت مانا شۇ ئىدى.

يولداش چېن تەنچيۇ
تاڭ خەۋەرچىسى چولپانغا ئوخشاش،
بىر چاغلاردا،
قاراڭغۇ تۈندە
بۇ ۋادىدا بىللە بولغان بىر بىلەن.
تەقدىرىمىز ھەققىدە ئويلاپ،
ئازاتلىغىمىز ئۈچۈن بەل باغلاپ،
ھەمنەپەس بولغان قەلبىمىز بىلەن.

يولداش چېن تەنچيۇ
ۋە ئۇنىڭ سەپداش ـ نىشانداشلىرى
بىزنى ئۇيقۇدىن ئويغاتتى دەسلەپ.
گەرچە يۇتسىمۇ ئۇلارنى زىندان،
كۆرەش ئۇچقۇنلىرى قالمىدى پەسلەپ.

ئۇيغۇر ئەۋلادى قان تۆككەن يەردە
تۆكۈلدى خەنزۇنىڭ، قازاقنىڭ... قېنى.
يالغانمىدى شۇنداق بولغىنى.
ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆرگەن بىز ئۇنى.
ئەسلىگىنە دوستۇم،
چېن تەنچيۇ بېشىنى چاپقان قىلىچتا
چانالمىغانمۇ مۇتەللىپ تېنى!...

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بىر كۆز تىككەنمىز يەنىەنگە كۆپتىن،
شۇ ئىشتىياق
تىكلىگەن كۆرەشچان ئىرادىمىزنى.
چوڭ دولقۇنغا قوشقان ھەسسىمىز
يامراپ تاشقان شۇ ئىرادىدىن؛
ھەم ئويغاتقان
شىنجاڭلىق مىسكىن ئەۋلادىمىزنى.
ئوقۇپ چىقتۇق قايناملاردا بىز
ئىنقىلاپنىڭ ئېلىپبەسىنى؛
ئەخمەتجان دېگەندەك،
باغلىدۇق شۇڭا
«دۈشمىنىمىزنىڭ دۈشمەنلىرى»گە
چىن مۇھەببەت، ئۈمىدىمىزنى.

*

ئازاتلىق ئارمىيە غالىپ مارش بىلەن
كىرگەندە شىڭشىڭشىيا بوسۇغىسىدىن.
بىز قۇچاقلاپ ئۇنىڭ بويىنىنى،
سۆيگەنمىز ئىللىق پېشانىسىدىن.
ئەنە شۇ چاغدا
ئەسىرلەر ئارزۇسىغا ئېچىلدى ئىشىك.
ئىچكەنمىز ئاشۇ ۋىسال پەيتىدە
لىپمۇ-لىپ تولغان شېرىن شاراپنى
قەدىردانلىق پىيالىسىدىن.

تاڭ ئاتتى...

كىشەنلەنگەن جاپاكەش سىنىپ،
تاڭ شامىلىدىن ھۆر نەپەس ئېلىپ،
غەيرەت بىلەن دەس كۆتەردى باش.
جاي ئېلىپ سائادەت گۈلىستانىدىن،
قىنىپ-قىنىپ مۇڭدىشىۋالدۇق
ئاكا-ئۇكا،
قوۋمى-قېرىنداش.

قەدىر-قىممىتىنى تاپتى ۋەتەندە
كۆرمىڭ يىل خارلانغان دەپسەندە ئەمگەك.
كۆلۈپ پارلىدى
ئەمگەك ئەھلىنىڭ يۈز-چىرايلىرى.
كۆرەش يالقۇنىدا كۆيدى-ئۆرتەندى
ۋە سۆيۈندى زامانىمىزدىن
ئوتتۇرا ئەسىر رودۇپايلىرى.

ھەركىتىمىز تاپماقتا بەركەت
پارتىيە ئاچقان ئۆملۈك يولىدا.
كۆرەش سېپىگە تىزىلغان خەلق
بىر بىرىگە قېرىنداش، يولداش.
ئۆم پىكىر، ئۆم كۈچلەر قۇدرىتى بىلەن
قارىغىنا ئەنە،
تۆنۈگۈنكى خارابىلىقتا
بۈگۈن سوتسىيالىزىم كۆتەرمەكتە باش.

ئادەم ئىدۇق بىز
شۇ يۇرتتا تۇغۇلغان،
شۇ يۇرتتا ئۆسكەن
چۆللەرگە سۇ ئاچقان، شەھەرلەر قۇرغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بىراق قارا كۆڭلەرنىڭ رەزىل ئىلكىدە
تارىختىن نامىمىز ئۆچەي دەپ قالغان.

زامانىمىز كۈچ - قۇۋۋەت بېرىپ،
تونۇتتى جاھانغا كىملىگىمىزنى.
قورماقتىمىز يۇرتنى قايتىدىن
جۇشقۇن روھ بىلەن.
توي قىلدۇق بۈگۈن
تىيانشان باغرىدىن ياڭرىدى نەغمە.
كۆز تىكمەكتە شۇڭلاشقا دۇنيا
بىزگە باشقىچە ھەۋەس - زوق بىلەن.
ۋاقىرايمىز «ئازات زامان»غا،
جاكالايمىز بەختىمىزنى پۈتۈن جاھانغا.
«كىم ئىدۇق، كىم بولدۇق» دېگەن بىر سوئال
سالماقتا بىزنى ھاياجانغا.
قول ئازاتلىقتا شانلانماس نىچۈن،
پەخىرلەنمەس خار - زارلار نىچۈن
ئېرىشكەندە زور شەرەپ - شانغا.

مەن ئۇيغۇر ئوغلىمەن،
ئۇيغۇرنى ئۆزەمدەك ياخشى كۆرىمەن.
بىراق، ئۇيغۇر بولغىنىمدىنمۇ
قىزىل توغ سېپىدە تۇرغىنىم قىممەت.
شۇ سەپتە تۇرۇپ،
جىمى جەڭدە يېڭىپ ئۆتكەنمىز
يېڭىپ بارىمىز
ۋە ھاياتقا بېرىمىز زىننەت.

1955 - يىل، سېنتەبىر

## مەن سوتسىيالىستىك شەھەر ئادىمى

تاڭ بىلەن تەڭ ئويغىنىپ بۈگۈن،
قەلبىمدە ئىسسىق بىر ھوزۇر سەزدىم.
شەھىرىم باغرىدا كۆرۈپ يېڭى تۈس،
كۈلۈپ - زوقلىنىپ، كوچىلار كەزدىم.

ئۈرۈمچى شەھرى،
نىمىشقا بۈگۈن
مۇنچىۋالا ئالىلىق چىرايىسەن؟
چىچەك ئاچقاندەك گويا قىزىل گۈل،
نىماندااق خۇشبۇي، تاتلىق پۇرايسەن؟

كۈلۈپ تۇرۇپسەن ھۆسنۈڭنى بېزەپ،
چوغدەك قىزىل پىلاكات بىلەن.
قۇچاقلىشىپ تۇرۇپسەن مەغرۇر،
يېقىملىق، يېڭى، شوخ ھايات بىلەن.

شۇ ھۆسنۈڭنىڭ پەيزىگە چۆمۈپ،
قەلبىمدە شاتلىق تاشقىنى تاشنى.
شاھىت بولۇپ ئاشۇ قەلبىمگە،
لەۋلىرىمگە كۈلكە ئۇلاشتى.

ئىمىشقا بۈگۈن كۆلمىسۈن قەلبىم،
ئىمىشقا كۈيلەيدىغان خۇشال پەدىگە؟
مەن ياشاۋاتقان سۆيۈملۈك شەھەر
ئۇلاشقاندا يېڭى پەللىگە.

شۇ پەللىنىڭ ئۇلۇغ نامىنى
ئېيتقىنىمدا يانىدىم ئوت بولۇپ.
بىلىپ تۇردىمەن،
بۇ نام ئەمدىكى
دەۋرىمىزگە قالار ئات بولۇپ.

سوتسىيالىزىم دېگىنە دوستۇم
كېتىدۇ بۇ سۆز قانداق جاراڭلاپ!
مەن ئىمىشقا شاتلىققا تولماي،
شەھىرىمىزنى شۇ نامدا ئاڭلاپ!

سوتسىيالىزىم بىزنىڭ ئىشىمىز،
ئۇ مەزمۇنى زامانىمىزنىڭ.
ئۇندىن پارلاق يۈكسەك پەللىگە —
چىققۇچىدۇ يېتىدۇ كۆزىمىز بىزنىڭ.

بۈگۈندىن باشلاپ سورىساڭ مېنى،
سوتسىيالىستىك شەھەر ئادىمى.
ھە، ئەتىلا
پۈتۈن ئېلىمىنىڭ
بۇ پەللىگە يېتەر قەدىمى.

1956 - يىل، فېۋرال.

# مۇھەببەت

مۇھەببەت تىلى يۈرەككە تالىق،
ئۇ، ئۇنىڭ شۇنچىلىك ئەۋزەللىكىدىن.
بىنەۋا يىگىت دەپ رەنجىبە مەندىن،
قورقىمەن سۆيگۈنىڭ ئەرزەنلىكىدىن.

مەيلى سۆيگىن مېنى، مەيلى ئالدىغىن،
مەن ئۈچۈن بىر ئېغىز راست گېپىڭ قىممەت.
كىرمە بۇ كوچىغا يالغان سۆز بىلەن،
كۆيمىسۇن ئارىدا مەسۇم مۇھەببەت.

مۇبادا ئالدىماق بولساڭ مېنى سەن،
شۇ نىيىتىڭنى بىلسەم تىلىڭدىن.
ئاسرايتتىم ئۆزەمنى ھەسرەت ئوتىدىن،
ۋە ئۆلگىچە رازى ئىدىم سېنىڭدىن.

«كۆپ» دېگەن قانچە ئۇلۇغ بولسىمۇ،
قىز - يىگىت سۆيگۈسى ئىككى يۈرەكنىڭ.
ھە، شۇنداق،
كىم كۆرگەن
نەچچە قېتىملاپ
چېچەك ئاچقىنىنى غۇنچە - پورەكنىڭ؟

www.uyghurkitap.com

سۆيگۈ.. ئەقىدىمنىڭ نازۇك ناخشىسى،
مەيلى، خالساڭ بىرغىنىلا ماڭا.
يۈرىگىمنىڭ تەڭ دۈپۈلدىشىنى
ئاڭلىيالسام مەن قوشۇلاي ساڭا.

1956 - يىل، ئاپرېل

## يىگىت ئارزۇسى

«كۈيدۇم دېگەن شۇ سۆزنى،
سەن بىلەن تەڭ قىز دېسە.
يوقالغاندا سەن ئۇنى،
ئۇمۇ سېنى ئىزلىسە.

ئۇ ئۇياندا، سەن بۇندا،
ئايلار ئۆتسە، يىل ئۆتسە.
بىلىنگەيمۇ يىراقلىق،
سەن سېغىنساڭ، ئۇ كۈتسە.

1956 - يىل، ئاپرېل

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# «ئاۋرورا»

مانا، مەغرۇر «ئاۋرورا» بەستى،
ئاستىدا ئۇنىڭ نىۋا دولقۇنى.
تىكىلدى كۆزۈم،
خۇددى سۈرەتكە
تارتماقچىدەك ئۇنىڭ تۇرقىنى.

مەيلى، كۆزۈم كۆرگىن قانغىچە،
سۆيگىن لېۋىم ھەر بىر ۋىنتىنى.
كۆڭلۈم مېنىڭ ئاللىقاچانلا
سىڭدۈرگەن ئۇنىڭ مۇھەببىتىنى.

ئۇ چاغ ئىدى ئۇن يەتتىنچى يىل،
يېڭى دۇنيا جەڭگە راسلانغان.
«ئاۋرورا»نىڭ زالپى بىلەن تەڭ
ئۇنىڭ غالىپ دەۋرى باشلانغان...

كۈنچىقىشنى نۇرغا پۈركىدى
بەختىنىڭ ئاشۇ پارلاق چىرىغى.
رەڭداش ئىدى شۇ قىزىل نۇرغا
جىڭگاڭشەننىڭ غالىپ بايرىغى.

شۇ نۇر بىلەن ئېچىلغان، كۆلگەن
مېنىڭ كىچىككى ئەلەملىك دىلىم.
شۇڭا بەختىمنى كۆيلەيمەن، سۆزنى —
«ئاۋرورا»دىن باشلايدۇ تىلىم.

ئەي جاكاچىسى زامانىمىزنىڭ،
ناخشا ئېيتىدۇ شەنىڭگە يۈرەك.
ناخشام ئەۋجى قۇچاقلار سېنى
خۇددى نىۋا دولقۇنلىرىدەك.

1956 - يىل 27 - ماي، لېنىنگراد

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

# گوركى مۇزېيىدا

كۆردۈم بۇ يەردە
بىر چاغلاردىكى
«يېتىم ئوغلاق»، مۇكلۇق گۆدەكنى.
تاپمىدىكەن شېرىن تەسەللا
مومىسىدىن ئاڭلاپ چۆچەكنى.

كۆردۈم بۇ يەردە
بىر چاغلاردىكى
بايلارغا قۇل بالا مالاينى.
ئاخشاملىرى كىتاپ ئوقۇغان
چىراق قىلىپ كۆكتىكى ئاينى.

كۆردۈم بۇ يەردە
بىر چاغلاردىكى
جاپاكەشلەرگە باغلاپ ئۈمىتنى،
روسىيىنى پىيادە كەزگەن
يېرىم ئاچ، يېلىڭ سەرسان يىگىتنى.

كۆردۈم بۇ يەردە
بىر چاغلاردىكى
پالاندى بولغان نەزەر بەندىنى.

سەرگەردانىنىڭ ياقا يۇرتلاردا
ۋەتەن غېمىدە تارتقان دەردىنى.

كۆردۇم بۇ يەردە
بىر چاغلاردىكى
كۈلۈشنى ئۇنتۇپ قالغان كىشىنى.
ئاچچىق يۇتۇپ كەلگەچ، ئۆزىگە
«گوركى»* دەپ نام قويغان كىشىنى.

كۆردۇم ئۇنىڭ قەلەملىرىنى.
كۆردۇم ساناقسىز ۋاراقلىرىنى،
ۋاراقتا ئاقتۇرغان ئۇ قەلەم بىلەن
قىزىپ تۇرمۇش بولاقلىرىنى.

كۆردۇم ئۇنىڭ ئىجتىھادىنى.
بىلىم ئۈچۈن جانىنى ئاتىغان.
مەكتەپ يۈزى كۆرمەستىن تۇرۇپ،
ئاسمان پەلەك كىتاپ ئوقۇغان.

كۆردۇم بۇ يەردە
ئاپپاق ساقاللىق
تولستوينىڭ سۆھبەتدىشىنى.
كۆردۇم قانداق ئۇچۇرغىنىنى.
ئۇنىڭ جەسۇر بوران قۇشىنى.

* گوركى — رۇسچە «ئاچچىق» دىگەن سۆز.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

كۆردۈم بۇ يەردە ئىپتىخار بىلەن
لېنىننىڭ ئاتا مۇھەببىتىنى.
ئەگرى - توقايدا يورۇق مەنزىلنى
كۆرسىتىپ بەرگەن داھى خېتىنى.

كۆردۈم بۇ يەردە
ئاتا توقۇلغان
ئىستالسكىي*نىڭ قەسىدىسىنى.
بېرنارد شاۋ**نىڭ تەشەككۈرنى،
ۋە لۇشۇننىڭ ئەقىدىسىنى.

كىم بار جاھاندا ۋىجدان ئەھلىدىن
ئۇنىڭ تىلىدىن ئىلھاملانمىغان؟
يېڭى دۇنيا ئەدىبلىرىدىن
كىم بار ئۇنى ئۈلگە قىلمىغان؟

گوركى! ئالدىڭدا خۇددى ھاياتسەن،
سالام ئۇلۇغ سەنئەتكار ساڭا.
سالام باشلامچى جەڭگىۋار ئەدىب،
سالام شانلىق بايراقدار ساڭا!

1956 - يىل ئىيۇن، موسكۋا
(1982 - يىلى تۈزىتىلگەن)

---

* سۇلايمان ئىستالسكىي — مەشھۇر داغىستان خەلق شائىرى،
** بېرنارد شاۋ — 1856 — 1950 - يىللار ياشىغان ئەنگلىيىنىڭ ھازىرقى زامان مەشھۇر يازغۇچىسى.

## ھەيرانمەن

«سەن» دېۋىدىڭ،
ئىشق شارابىنى
ئىچتىم گويا ۋىسال جامىدا.
سەندىن ئالغان ئۇنۋان شۇ ئىدى،
مۇھەببەتنىڭ ئىمتىھانىدا.

نەچچە ۋاقىتتىن «سەن» دىگەن تىلىڭ،
ئەجەپ بۈگۈن «سىز»گە بۇرالدى.
بەلەك ئىدىڭ،
شۇ تاپتا دېمىڭ.
يۈرىگىمگە قايغۇ ئورالدى.

قەيەردىدۇر قايغۇ تۈگۈچى،
يا يېپىشتىمۇ ماڭا ئەنسىزلىك.
يا بولمىسا،
چىچەن تىلىڭغا
پۈتلاشتىمۇ ئېھتىياتسىزلىق.

ھەي...
سەن ئۈچۈن شۇ مۇھەببەتتە
«ئېھتىيات»قا ھاجەت قانچىلىك؟

ئىمە كۈنا قىلدىم مەن ساڭا،
يۈرىكىمنى ئېزىپ مۈنچىلىك؟

شۇ سۆزۈڭگە ھەيرانمەن،
شۇندىن بېرى ۋەيرانمەن...

1956 - يىل، ئىيۇن.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## ھەسرەت

«بىر سېغىنغىمەن» دىگىنىڭ،
نەقىش بولغان دىلىمغا.
ئەمدى «كەچۈرۈم» دىگەن سۆز
قانداق كەلدى تىلىڭغا؟

سېلىپ قويدۇڭ ھەسرەتكە،
ئاغرىمىدى ئىچىڭمۇ.
شۇ ئازاۋلۇك بىر ساڭا
ئىشەنگىنىم ئۈچۈنمۇ؟

ھەسرەتتىنمۇ ئېغىر دەرت،
بارمىكىن، تاڭ. بىلمەيمەن.
«ئايرىلغانغا ئۆلمەيمەن
ئەقىدەمگە يىغلايمەن».

1956 - يىل ئىيۇن

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

## ۋەتىنىم

ۋەتەن، سەندىن ئۆزگە دىلدارنى
تاپالمىدىم ئالەمگە كىرىپ.
تاپالمىدىم،
تاپالمايمەن ھەم
بەس، ياشىسام مېھرىڭگە قېنىپ.

*

مەن تۆرەلگەن سېنىڭ قوينۇڭدا،
سەندە ئالدىم تۇنجى نەپەسنى.
سەندە سەزدىم يېرۇق ئالەمنى،
سەندە تاپتىم ئارزۇ ـ ھەۋەسنى.

سەندە سەزدىم قىش بىلەن يازنى،
ئىسسىق ـ سوغاق، ئاچچىق ـ چۈچۈكنى.
سەندە بايقىدىم راستنى ـ يالغاننى،
ياخشى ـ يامان، چوڭ ھەم كىچىكنى.

ماڭا تونۇش چەكسىز تۈپرىغىڭ،
مېۋىزارلىق، خۇشبۇي باغلىرىڭ.
ماڭا تونۇش شەھەر ـ كەنتلىرىڭ،
قىرى دەريا، ئاقۋاش تاغلىرىڭ.

ماڭا تونۇش بوۋاي ـ موماي‌لار،
يىگىت ـ قىزلار، تەڭتۇش دوستلىرىم.
ماڭا تونۇش ئاشۇ قەۋرىستان،
ۋە ئەتىكى ئورۇق ـ پۇشتلىرىم.

ماڭا تونۇش ئاخشامقى كۈلپەت،
كونا تارىخ زۇلۇمنامىسى.
ماڭا تونۇش ئەسىرلەر جېڭى،
ۋە يېڭىشنىڭ شادىيانىسى.

يېڭى تارىخ پۈتۈلدى بۈگۈن،
بۇ، مەرتىلىكىنىڭ ئۇلۇغ قامۇسى.
ھەر بىر ھەرپ، ھەر بىر چېكىتى
دەۋرىمىزنىڭ ۋىجدان ـ نامۇسى.

*

زامانىمىز بەختىنىڭ تېگى،
قۇياشقا ھەقدار ئەۋلادىمىز بار.
ئۇنتۇپ قالما ئەتىكى ئەۋلات،
بۇ تارىخنىڭ بېشىدا بىز بار.

نامۇسۇڭغا سادىقمەن ۋەتەن،
ئۈچۈرمەيمەن ئىشقى ئوتۇڭنى.
رازى ئىدىم شائىرلىقىمدىن
كۈيلىيەلىسەم مۇھەببىتىڭنى.

1956 ـ يىل

www.uyghurkitap.com

## بەخت يۇلتۇزى

كىچىكىمدىن يۇلتۇزۇمنى ئىزلەيتتىم،
ھەر ئاخشىمى قايغۇ كېلىپ باسقاندا.
تاپالمىدىم،
توۋا دەيمەن ئۆزەمگە،
نىمە قىلسۇن مېنىڭ بەختىم ئاسماندا.

مانا ئەمدى باقتىم سېنىڭ كۆزۈڭگە،
خوشالمەنكى،
زارلانمىسام بوپتىكەن.
كۆزلىرىڭدىن مېنىڭ بەختىم كۆرۈندى،
يەنە كېلىپ مېنىڭ بەختىم جۇپ ئىكەن.

1956 - يىل، ئاۋغۇست

## تۈگىمەس ناخشا

ھەر ئاخشمى ناخشا ئېيتىمەن
شۇ كوچىنى ئەگىپ كېتەلمەي.
بىر پەللىنى كۆزلەپ ماڭىمەن،
ئاۋارىمەن تېخى يېتەلمەي.

بۈگۈن ئاخشام ئۆتكەنتىم يەنە
ناخشام بىلەن دەرىزە قېقىپ.
قەيەردىدۇ ئىشىك غىچىلداپ،
كايىپ كەتتى بىر بوۋاي چىقىپ.

— جاقىرايسەن ھەر كۈنى شۇنداق،
ساراڭمۇ سەن ئۇڭشالمايدىغان،
يا ئادەمگە ئۇيقۇ بەرمەيسەن،
قانداق ناخشا بۇ، تۈگىمەيدىغان؟!...

كايىما بوۋاي،
سەنمۇ بىر چاغدا
ياش ئىدىڭغۇ ئۇخلىمايدىغان.
سەنمۇ ئېيتىپ تۈگىتەلمىگەن،
شۇنداق ناخشا بۇ —
تۈگىمەيدىغان!

1956 - يىل، ئاۋغۇست

## بىلمەيتتىمەن

ئاق بۇلۇتنى قۇچاقلىغاندەك،
ئاق پاختىنى چىڭداپ غۇلاچقا،
كەلگىنىدە شۇ قىز خامانغا،
قىزىرىپ كەتتى ئەجەپ، نېمىشقا؟

يىگىت كېلىپ ئالدى ئاۋايلاپ،
قۇچاق كېرىپ قۇچاقتىن، ئۇنى.
بىلەلمىدىم،
شۇندا يىگىتنىڭ
نېمىشقىدۇ تىترىدى تېنى.

كەچمۇ كىردى،
قايتتى باشقىلار،
ئۇنتۇپ قېلىشتى ئۇلار كېتىشنى.
ۋەدىلەشكەن ئىكەن ئىككىسى،
تۈگەتمەك بولۇپ ئەتكى ئىشنى.

ياتار چاغ بولدى،
قايتمىدى يەنە.
ئۇلار ئۈچۈن مەن غەم يەپتىمەن.
سەۋەپ نېمە،

سۈرۈشتۈرمەيلا
بېرىپ ياردەم بېرەي دەپتمەن.

بارسام، پاختا دۆۋلىنىپ بوپتۇ،
قوچاقلىرى بوش ئەمەس، بىراق ...
ئەمدى بىلدىم يېڭىلگىنىمنى،
دەررۇ كۆزدىن يوقلاي يىراق.

1956 - يىل

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# بىرىنچى خەت

(بىر شائىرغا ئەۋەت)

سالام يازدىم سېغىنىپ،
ئاق قەغەزنىڭ بېتىگە.
ھەيران بولۇپ كۈلمىگىن
«ساۋاتسىز»نىڭ خېتىگە.

كەتكىنىڭگە كۆپ بولدى،
خەت كەلمىدى سېنىڭدىن.
نىمە بولدۇڭ، بىلمەيمەن،
رەنجىدىڭمۇ مېنىڭدىن.

بەلكى، مېنى تېخىچە
خەت بىلمەيدۇ دىدىڭمۇ؟
باشقىلارغا ئوقۇتسا.
سەت بولىدۇ دىدىڭمۇ؟

ئەنسىرىمە ئۇ يەردىن
كېلىشەرسۇن خېتىمگە.
توغرا يازساڭ ئادرىسنى،
سىرتقا چىقماس گېپىمگە.

قۇلىغىمغا دەيدىغان
كېپەكىنىمۇ ياز ئەمدى.
قولۇم خەتكە ئۆگەندى،
قارغۇ ئەمەس كۆز ئەمدى.

1956 -يىل، سېنتەبىر

# مالتىغىمنى بەرگىن قولۇمغا

ئەنگلىيە - فرانسىيە بىرلەشمە ئار-
مىيىسى مىسىرغا ھۇجۇم قىلدى.
— گېزىت خەۋىرى

تۈنۈگۈنكى ماتەملەرنى ئۇنتالماي،
تېخى شاتلىق سىگنەي تورۇپ دىلىمغا،
گۈمبۈرلەيدۇ توپ ئاۋازى نەدىندۇ،
توختا!...
جەسەت پۇرايدىغۇ بۇرنۇمغا!...

كىمدۇ بۈگۈن قاتىللىققا بەل باغلاپ،
داغ چۈشۈرگەن دەۋرىمىزنىڭ شەنىگە؟
بىلدىم،
ئەنە، لوندون بىلەن پارىژدىن
ئۇرۇش ئاتلىق شۇم چىقىپتۇ سەھنىگە.

كۆردۈم،
ئەنە، قۇترىشىدۇ جاللاتلار
ئافرىقىنىڭ مۈنبىرىگە ئوق ئېتىپ.
كۆتىرەمدۇ بۈگۈن ئەرەپ پەرزەندى،
چەكسە بىرسى ماڭلىيىغا تاك ئېتىپ.

ئەنە،
سۈۋەيش بويلىرىدا ئىس - تۈتەك،
قېرى نىلنىڭ قەھرى تۈتتى .ئەلەمدىن.
ۋاقىرايدۇ:
— يېتەر ئەمدى تىلەش يوق
بەختىمىزنى ئۇ (ئىككىنچى) ئالەمدىن!

*

قېرى مىسىر، سەن تارىخنىڭ بۆشۈگى،
سېنىڭ قەھرىڭ چىن ئەرەپنىڭ ئىستىگى
ئاقدىل ئىنسان ھەممىسى سەن تەرەپتە.
كېپەن تەييار ئۇرۇشقا،
ئۆزىتىمىز ياۋۇزلارنى لەھەتكە.

*

تۈنۈگۈنكى ماتەملەرنى ئۇنتالماي،
تېخى شاتلىق سىگنەلي تۇرۇپ دىلىمغا،
نىل بويىدا توپ ئاۋازى گۈمبۈرلەپ،
جەسەت ئىسى كېلىپ يەتتى بۇرنۇمغا.

تاقىتىم يوق قۇتۇرىشىغا دەھشەتنىڭ،
ۋىجدان - نومۇس يول قويمايدۇ بۇنىڭغا.
ئۇندا جەڭدە دۈشمەن بىلەن ئېلىشقان
ئەرەپ قىزى كۆز تۇتۇپتۇ يولۇمغا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئەزىز ئېلىم،
خالىمايتتىم ئۇرۇشنى،
بىراق بۈگۈن رۇخسەت بەرگىن ئوغلۇڭغا.
يالۇجياڭدىن ئۆتكىنىمدە دوست بولغان —
مىلتىغىمنى بەرگىن يەنە قولۇمغا!

1956 - يىل، ئۆكتەبىر

# كۆمۆر

(ئىككى شېئىر)

I

ئىچى - تېشىڭ قانچە قارا بولسىمۇ
بىر ئىللىقلىق يالتىرايدۇ ئەپتىڭدىن.
قارا جىسمىڭ تېپىشقاندا ئوت بىلەن،
شاتلىنىمەن ھۇزۇرلىنىپ تەپتىڭدىن.

مۇشۇ تاپتا كېلىپ قالدى ياددىمغا
«رەڭگى قارا، مېھرى ئىسسىق» دېگەن گەپ.
بىراق سېنىڭ مېھرىڭدىنمۇ يالقۇنلۇق
خالىچى ئۇچۇن يۈرەكتىكى مۇھەببەت.

II

«ئىشىنىڭ گۈلى ئوت» دەپتىكەن بوۋايلار،
گۈل ئىچىدە، ئېيتقىن، قايسى ئىسىل گۈل.
دۇرۇس بولسا ئوتنى گۈلگە ئوخشىتىش،
مەن دەر ئىدىم: كۆمۆر ئوتى قىزىلگۈل.

1956 - يىل، 5 - دېكابىر

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com

# ساڭ مۇدىرىنىڭ «زېمىنداشقا قارشى» ئاجايىپ تەدبىرى توغرىسىدا قوشاق

ئەشەككە كۈچۈڭ
يەتمەسە، توقۇمنى ئۇر.
— بوۋايلار سۆزى

«بۇرۇنلاردىن بۇرۇن» دەپ،
كەتىمەيلى بەك ئۇزاققا.
يېڭى چۆچەك توقۇلدى،
قوشتۇم شۇنى قوشاققا.

«چىراي كۆرۈپ هال سورا»
دىگەن ئەكەن كونىلار.
نىم بولغاندۇ توختاخۇن،
خوشال ئىدى بايىلا.
يېپىشىپتۇ پېشكەللىك
ئەس، هۇشىنى گاڭگىرىتىپ.
«قازا كەلمەس كۆرۈنۈپ،
پۇت - قولىنى ساڭگىلىتىپ».
بۇ ئەلەمنىڭ سەۋەبى
كەلمىگەچكە يادىغا،
كىرىپ باردى ئامالسىز
باشلىقىنىڭ ئالدىغا.

ــ ياردەم قىلىڭ ئادىلكا،
بېشىمغا بىر غەم چۈشتى.
ئامبارددىكى بۇغدايدىن
ئىككى مىڭ جىڭ كەم چىقتى.
چاقچىقىدۇ بىر سىنىڭ،
يادۇشمەننىڭ ئىشمۇ؟
قاتتى يالغۇز بېشىمنىڭ
ئىچىمۇ ھەم تېشىمۇ...
ئاڭلاپ بۇنى ئادىلچوڭ،
كايىپ كەتتى توختىنى:
«شۇ ئىشقىمۇ ئالاھەن
باشلىغىڭنىڭ ۋاقتىنى؟
ھەي، خۇدايىم، بەندىگە
دىتنى قوشۇپ بەرمىسە.
باشقىلارغا يۈك ئىكەن،
ئۆزىگىمۇ دە دىسە.
بىلمىدىڭمۇ شۇنىمۇ
ئىش كۆرمىگەن خام بالا.
بېشىڭ مۇنچە قاتماستى
دىت ئىشلەتسەڭ ئاز - تولا.
ئۆپچۆرىدە نىم تولا،
غاقىلدىغان غاز تولا.
ئىككى مىڭ جىڭ بۇغداينى
يەپ كەتكەندۇ نەق شۇلار.
زىيان سالدى ئاشلىققا،
دىمەك، غازمۇ زىيانداش.

يارىمايدۇ بەختۇتلۇق،
كۆزۈڭنى ئاچ قېرىنداش.
چىقىپ ئەمدى غاز ئىزلە،
تۇتۇپ سولا پەم بىلەن.
پەلەن - پەشمەت دىگەنلەر
زوكۇنلاشسۇن مەن بىلەن...»

باشلىق دىگەن باشلىق - تە،
پۇختا ئىكەن ئىشىغا.
ئۇ بولمىسا، بۇ تەدبىر
كەپتۇ كىمنىڭ ئېسىغا.
قايىل بولدى توختاخۇن
رەھبەرلىكنىڭ پەمىگە.
غەم - قايغۇدىن يېنىكلەپ،
چۈشتى غازنىڭ پېيىگە.
بوش كەلمىدى توختاخۇن،
ئەپچىل ئىكەن قىلتاقتا.
شۇنداق قىلىپ ئەللىك غاز
چۈشۈپ قالدى سولاقتا.
مودۇي قوپتى ئەتىسى
«مەھبۇس»لارنىڭ ئىگىسى.
دىۋەيلىدى توختىنى
راسا قايناپ ئۇغىسى.
—«مەھكەم بولغىن ئۆزەڭگە،
ئوغرى تۇتما خوشناڭنى»—
دىمىگەنمۇ كونىلار،

ئەگە يېدىلىڭ ئاش - ناننى.
يا غازلارنىڭ بىرسىگە
ئاچقۇچۇڭنى بەرگەنمۇ؟
ياكى سەن بىرەر غازنىڭ
تام تەشكىننى كۆرگەنمۇ؟
كۈچۈك يەتمەي ئىشەككە
ئۇرماقچىمۇ توقۇمنى.
چۈكۈم بىلەن ئىككىگە
راست بېرىپتۇ ئەقلىنى...»
......................
تۈشمۇ - تۈشتىن ۋاقىراپ،
يەپلا كەتتى قولاقنى.
قورقىنىدىن توختاخىن
ئېچىۋەتتى سولاقنى.
جىدەل يەنە ئۇلغايدى،
ما چاتاقنى كۆرۈپ تۇر:
ئوتتۇز «مەھبۇس» ساق چىقتى،
يىگىرمىسى ئۆلۈپتۇ.
قارغىش ياغدى توختىغا،
ئىش چوڭ يەرگە تاقالدى.
شۇ جىدەلنىڭ ئۈستىگە
ئادىلچوكمۇ كەپ قالدى.
دەۋاگەرنىڭ ھەممىسى
دىۋەيلدى چۈكۈمغا.
بوش كەلمەيدۇ چوكۈممۇ

ئۇنداق - مۇنداق ھۇجۇمغا.
قوشۇمنى بىر تۇرۇپ
ھەيۋە قىلىپ تۈۋلىدى:
— مەندىن سورا، نېمىشقا
غازلىرىڭنى سولىدى؟
ئويلاشقىنا ئامبارنى
ئەگىمگەن غاز بارمۇ؟
ئاش دىگەننىڭ ئالدىدا
قاناتلىقتا ناز بارمۇ؟
زىيانداشنى ئاياش يوق،
يۇقىرىدىن بۇيرۇق بار.
ئورۇنلاشقا بۇيرۇقنى
بىزدىمۇ چوڭ ھوقۇق بار.
زىيان سالدى غازلىرىڭ
ھۆكۈمەتنىڭ ئاشلىقىغا.
دەررۇ تەدبىر كۆرمىسە،
گەپ كەلمەيدۇ باشلىققا.
زىيانداشقا جازا بار،
ئىگىسىگە پەندىيات.
دەررۇ تارقاش ئۆيۈڭگە،
ئۆتكەن ئىشقا سالاۋات.
رەنجىشمىگىن مېنىڭدىن،
مەن ئورۇنلۇق قايىندىم.
قورقىدىغان يېرىم يوق،
پىرىنسىپتىن تايمىدىم...

1957 - يىل، باھار

# قار ئۈستىدىكى قۇش

(پىلك دۇڧېڭدىن)

بىر ئىسىل قۇش بولغانىمىش،
ھۆسنىگەمۇ تولغانىمىش.
قىش پەسلىنىڭ بىر كۈنى
تۈزەشتۈرۈپ تۇرقىنى،
قار يېپىنغان دالىدا
سەيلە قىلىپ خالىدا،
كۆزى چۈشۈپ ئىزىگە،
زوقلىنىپتۇ ئۆزىگە:
«مۇشۇ مېنىڭ ئىزىمغۇ،
نىمە دىگەن ئىسىل بۇ!
مانا مېنىڭ ئىجادىم،
ھاسىل بولدى مۇرادىم...»
ئۇ بىر باشتىن يېزىپتۇ
ساقىت قىلىپ بوينىدىن.
ماختىنىپتۇ خوش بولۇپ
بۇ ئىجادىي سەيلىدىن.
بىراق ئۆزى بىخەۋەر
قۇيرۇغىنىڭ پەيلىدىن.

www.uyghurkitap.com

سۈپۈرگەندەك قۇيرۇغى
سۆرۈلۈپتۇ كەينىدىن.
........................
شۇڭلاشقا يوق مۇشتىرى،
ئوقالمىغاچ ھېچبىرى...

1957 - يىل

## ئەلەم

سۆزلىدىڭ زوقلىنىپ ئۆزۈڭدىن،
ھېلىقى باراقسان سۆگەتنى.
رازى بوپ كەتكەندىم سۆزۈڭدىن،
قەدىرلەپ يۈردى دەپ شۇ پەيتنى.

بىلسەن، شەرتلەشكەن ئىدۇقتۇ
شۇ تونۇش سۆگەتنىڭ تۈۋىدە.
شۇ شەرتكە سۆيگۈنىڭ تامغىسى
بېسىلغان ئىككى ياش لېۋىدە.

ئارىدىن كۈن ئۆتتى، ئاي ئۆتتى،
سەن بولدۇڭ كۆڭلۈمنىڭ شاتلىقى.
دېگەنتۇق: يۈرەككە سىڭدىتۇ
شۇ شېرىن سۆيۈشنىڭ تاتلىقى.

سېغىنىپ ۋەسلىڭنى بۇ ئاخشام
بارغانتىم شۇ سۆگەت بويىغا،
تىكىلدىم ئىشەنمەي كۆزۈمگە،
پاتمىدى يۈرىكىم قىنىغا.

كۆردۈم مەن: شۇ سۆگەت ئاستىدا
ياندىشىپ تۇرۇپسەن بىرسىگە.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

(مۇھەببەت، يولاتما ياشلىقنى
ئاشۇنداق ئەلەملىك نەرسىگە!)

رەشك ئوتى تۇتاشتى جېنىمغا،
چۈشەندىم بىۋاپا ئىكەنسەن.
شۇ يەردە ساڭا جۇپ گەۋدىگە
ماڭىمۇ دېگەننى دېگەنسەن...

بۈگۈن ياز،
سۆگەتمۇ باراقسان،
قورقمىغىن ھېچ، سېنى توناركىم.
كۆز كېلىپ غازاڭلار تۆكۈلسە،
سېنى كىم يوشۇرۇپ ئالاركىن.

1957 - يىل ئىيۇل. ئۈرۈمچى.

# بۈگۈن ھەم ئەتە

بايا بىرسى كالىنداردىن رەنجىدى
«شەنبە دىسەم، جۈمەكەنغۇ بۈگۈن» دەپ.
خاتاسىنى چۈشەندى ئۇ كۆڭۈلسىز
«يەكشەنبىمىز ئەتە ئەمەس ئۆگۈن» دەپ.

نۆۋەت ئېلىپ ئۆتسە بۈگۈن، ئەتىنىڭ—
كېلىشىنى بىلمەيتتىڭمۇ ئارقىدىن.
مەن ھەيرانمەن،
شۇنچە رەنجىپ بۇزۇلدىن،
نىمە تېپىپ ئالماقچىدىڭ ئەتىدىن؟

ۋاقىت بىلەن ئويناشقىنىڭ نىمىسى،
ياكى ئىچىڭ ئاغرىمامدۇ ئۆمرۈڭگە.
كۆرەلمەسەڭ دىدارىنى بىر كۈننىڭ،
قىسقارمامدۇ بىر كۈنلۈك يول ئۆلۈمگە.

مىنۇت ساناپ كۈن ئۆتكۈزۈش كۆڭۈلسىز،
غاپىل ئۆچۈن ھەرقاچان ئۇ يۈگەنسىز.
دوستۇم، ئەتەڭ قانچە قىزىق بولسىمۇ،
بىلىپ قويغىن، كەلمەيدۇ ئۇ بۈگۈنسىز.

1957 - يىل، دېكابىر

# پۇشايمان

كۈن يۈگرۈپ، ئايلار ئاتلاپ، يىل ئۆرۈلدى،
يىرتىلدى ئاخىرقى بەت كالىنداردىن.
ئۇزاتتى سېخى ۋاقىت يەنە بىر ياش،
ئايىماي ئۆمۈر دىگەن خېزىنىداردىن.

ئەينەكتىن تىكىلگەنتىم يۈز - كۆزۈمگە،
كىرىپتۇ خېلى بەركەت ساقالغىمۇ.
تېخىمۇ چاقچاق قىلىپ يۈرەلمەسمەن،
ھە، ئەمدى قىزلار تۈگۈل، چوكانغىمۇ.

يىل ئۇزاپ، يىل بېشىغا يەتتۇق يەنە،
سەن ئۇزاپ كەتمىدىڭمۇ بەڭۋاشلىغىم؟
چۆرەمدە تاغدەك ئىشلار ئۆرە بوپتۇ،
مەن يەنە قۇرۇق قوللا كەلگەن چېغىم.

كەت، يوقال كۆزدىن نېرى، بەڭۋاشلىغىم،
باشلىما ھەر تەرەپكە ياشلىغىڭنى.
بىلەمسەن، رايىم قايتتى دەۋتىڭدىن،
گېپىم شۇ، ئېيتسام ساڭا راستلىغىمنى.

بەس ئەمدى، پۇشايمىنىم بىللە كەتسۇن
تىپتىقسىز بەگۇۋاشلىقنىڭ شورى بىلەن.
مەنىسىز ئۆسكەن مېنىڭ ساقاللىرىم،
ئاقارسۇن ئەمدى ئەقىل نۇرى بىلەن.

1957 - يىل، 31 - دىكابىر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# سارىيە

كېنىيىلىك سارىيە دېگەن ياش ئايال مۇستەملىكىچى ئەسكەرلەرنى ئۆز ئۆيىگە باشلاپ، ھاراق بىلەن مەس قىلىپ، ئارقىدىن ئۇلارنى بىر- بىرلەپ جەمقتۇردى. بەختكە قارشى بۇ ئايال قولغا ئېلىنىپ، قەھرىمانلارچە قۇربان بولدى.

— گېزىت خەۋىرى

سارىيە،
سارىيە،
كېنىيە قىزى،
خاتىرەمگە سىڭدىڭ شۇ دەم سەن،
مۇبادا كىچىك بولساڭ سىڭلىم سەن،
يا چوڭ بولساڭ مەندىن، ھەدەم سەن.

سارىيە،
سارىيە،
سالام سارىيە!
تەرىپىڭنى ئاڭلاپ ئۇزاقتىن،
ماتەم تۇتۇپ ساڭا قەلبىدىن،
قەۋرەڭگە گۈلدەستە ئۇزاتتىم.

*

ئاشۇ كۈنى
لوندون قۇزغۇنى
ئەگىپ، قونۇپ سېنىڭ مەلەڭگە.
چاڭگال سېلىپ يۇرتداشلىرىڭغا،
غەزىۋىڭگە بولدى سەرەڭگە.
قېنىڭنى قاينىتىپ غەزەپىنىڭ تەپتى،
ئىنتىقام سېنى ئۈندىدى جەڭگە.

ئاشۇ پەيتتە،
بەرى يات ئىدى
ۋۇجۇدۇڭغا غەزەپتىن ئۆزگە.
بىراق لېۋىڭنى كۈلكىگە زورلاپ
ۋە تىلىڭنى «چىرايلىق» سۆزگە،
قۇزغۇنلارنى شاراپقا چىللاپ،
دېدىڭ: «مېھمان بولۇڭلار بىزگە.»

شۇ سۆزدىن ئۇلار «قەدرى»نى سىناپ
ئولتۇرماستىن تەكەللۇپ سېتىپ،
كەلدى ئۆيۈڭگە كۈلۈپ ـ كالچاراپ،
ئېغىزلىرى قۇلاققا يېتىپ،
ئافرىقىلىقنىڭ «هالاۋىتىنى»
كۆرمەك بولدى بەزمىدە تېتىپ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

سارىيە،
جىمجىت ئۆتتى دىمىگىن
دەرتمەن يېزاڭدا ئاشۇ كېچىنى،
سۆز - چۆچەك بولۇپ سېنىڭ جۇمبىغىڭ
كەزدى ھايالسىز مەلە ئىچىنى.
غەزەپلىنىپ ساڭا بەزىلەر:
ئاتتى شەپقەتسىز لەنەت تېشىنى.
«ۋىجدانىنى ساتتى سارىيە.»
«ئەل - يۇرتىنى ساتتى سارىيە.»
«ئەل - يۇرتىغا زەھەر بەرگەنگە
شىرىن شاراپ تۇتتى سارىيە.»
«شاراپ ئەمەس ياۋغا تۇتقىنى،
كېنىيىنىڭ نومۇسى، قېنى.»
«ئىست سارىيە، ۋىجدانىڭ قېنى؟»
«سارىيە،
سارىيە،
ئانا ۋەتەنىڭ

قەھرۇ - غەزىۋى تۇتىدۇ سېنى!...»
بىراق بەزىلەر غەۋغانى بېسىپ
قاينىغانلارنى كەلدى قايتۇرۇپ:
«باشقا ئوي باردۇ ئۇنىڭ كۆڭلىدە
سەككىز دىيەڭلار سانىماي تۇرۇپ.»
«نەپرەت پەقەت غەزەپتە ئەمەس،
كۆلكىگىمۇ نەپرەت سىغىدۇ.
ئۇ مۆكۈنۈپ تۇرۇپ تەبەسسۇملارغا،

تۆيدۇرماستىن ياۋنى بوغدۇ.»
«سارىيە — ئۇ غەزەپ، ئىنتىقام
چېچەدىن تا تىرنىغىغىچە.
ئۇ يېڭىنماس باسقۇنچىلارغا
تا ئاخىرقى تىنىغىچە...»

شۇ چاغدا سېنىڭ ئۆيۈڭدە بەزمە،
«مېھمان»لىرىڭ ئىچەتتى شاراپ.
سېنىڭ سىرلىق تەبەسسۇمىڭغا
قىزغىنىشىپ تويمايتتى قاراپ.
ئىچىشەتتى
ئاشۇ تەبەسسۇم
نىقاپ سالغان يۈزۈڭگە قاراپ.
ئىچىشەتتى
غەزەپ ئوتىنى
تەسلىكتە يوشۇرغان كۆزۈڭگە قاراپ.

ئىچىشەتتى
بىر بىرسى بىلەن
ئۇنى تالىشىپ، بۇنى تالىشىپ.
يېپىشاتتى سېنىڭ چۆرەڭگە
بىر بىرسىدىن سېنى تالىشىپ.

تىللىشاتتى سېنى تالىشىپ،
مۇشتلىشاتتى قالماي تەخىرى.
«ھەركىم بەختىنى سىناش»قا كۆنۈپ
كارتىلارنى يايدى ئاخىرى.
ئاجرىتىلدى نۆۋەت قاتارى،

www.uyghurkitap.com

كارتا بولدى «خالىس پۇتۇمچى»-
سارىيە،
سەندىن «لەززەتلىنىش»كە
«ئوز» — بىرىنچى،
«كارول» — ئىككىنچى...
كۆرۈپ تۇرۇپ شۇنى سارىيە،
ھېچ بۇزمىدىڭ يەنە چېھرەڭنى.
تاقىتىڭنىڭ چېكى نەدىدۇ،
نەگە يوشۇردۇڭ شۇنچە قەھرىڭنى.

سۇندۇڭ شۇندا ئۆزمەي شاراپنى
ۋە ئۆزەڭمۇ يالغان مەس بولۇپ،
بىراق قەلبىڭدە قەدىرىڭنى بەتلەپ،
تەييارلاندىڭ زەپەردەست بولۇپ.
«مېھمان»لىرىڭ شەرتىڭگە كۆندى،
تۆگىتىشكە ئىچىپ بەرنى.
ئىچە-ئىچە قىمسايدى بىرلەپ
ۋە جىمىقتى بەزمە سۈرۈنى.

تەبەسسۇمنى قوغلاپ شۇ چاغدا
غەزەپ ئۇرغۇپ چىقتى چېھرەڭگە.
قانلىق جەڭدە سەزدىڭ ئۆزەڭنى،
قىساس بۇيرۇق بەردى قەھرىڭگە.
كارتا ئايرىغان نۆۋەت بويىچە
خەنجىرىڭنى سانچىدىڭ بىر-بىر.
«ئۆز بەختىنى سىناشتى» ياۋلار،
بەزمىدىن كېيىن شۇ بولدى تەقدىر.

سارىيە،
سارىيە،
كېنىيە قەھرى،
ياۋ كېكسىنى تىلغان ئىنتىقام.
مەرتلىكىنى ئاڭلاپ ئۇزاقتىن
ئۇررا تووۋلاپ كۆتەردىم چوقان.

سارىيە،
بىراق قالمىش ياۋلىرىڭ
خۇددى ئىتتەك ئىزىڭنى قوغلاپ،
تىمىسقىلاپ ھەريان سوراقلاپ،
قىساسكارنى قاتىل دەپ تۇتۇپ،
دار ئالدىغا ئىدكەلدى باغلاپ.

دار ئالدىدا ئۆكمىدى يۈزۈڭ،
غەزەپتىن يالقۇن چاچاتتى كۆزۈڭ.
«تۇگىتەلمەيسەن بىزنى ئۆلتۈرۈپ...»
شۇ بولدى سېنىڭ ئاخىرقى سۆزۈڭ.

قوللىرىڭنى باغلاپتۇ شۇنچە،
بىراق قەھرىڭ يېيىپتۇ قانات.
سېنى قاتىل ئاتىرىدى جاندىن
بىراق سېنىڭ قىساسىڭ ھايات.
جاللات ئۆزىنى ئوخشىتىپ دارغا
پەستىن سېنى تارتىدۇ، ئەنە.
بىراق دار قانچە ئېگىز بولسىمۇ،

www.uyghurkitap.com

سىنىڭ قىساسىڭنىڭ ئاستىدا يەنە.
پەرۋاز قىلار سىنىڭ قىساسىڭ،
ۋە دىڭىزدا ئۈزەر غۇلاچلاپ.
چاقىرىدۇ ياۋنى قىرىشقا
ۋەتەندىشىڭنى كۈرەشكە باشلاپ.

*

سارىيە،
سارىيە،
كىنىيە قىزى،
خارلانغان ئەلنىڭ قىساس خەنجىرى.
ئېلىڭ بولۇپ قەھرىڭگە ۋارىس،
ئۈزۈلەر بىر كۈنى قۇللۇق زەنجىرى.

1959 — 1960 - يىل.

# ئۆزۈم ئۆزگەندە

ئۆزۈم پىشتى،
شەربەتكە تولدى.
ھەر ساپاق بىر سىۋەتكە تولدى.
«نەمۇنچى تەك»نى ئۆزگەندە،
مۇخبىر كېلىپ سۈرەتكە ئالدى.

ئۇ، بىر قىزنى ياندا پ توختىدى،
ئاشۇ قىزنى ھەممىسى ماختىدى.
بىراق قىزچاق ئۆركۈپ كىيىكتەك،
«ياق... سۈرەتكە خۇشتۇم يوق» دېدى.

مەن ئارىلىشىپ، «قاچماڭ» دېۋىدىم،
چىقتى شۇ سۆز تىترەپ لېۋىدىن:
«مۇنچە ئايىرىم سۈرەتكە تارتىپ،
داڭلىغۇدەك نېمە قىلىۋىدىم؟»

سايى قىلدۇق،
زادى كۆنمىدى.
لېكىن سۆزى تۈزۈتىسىز ئىدى.
«نىمانچىلا قىلىسىز؟» دېسەك،
«داڭلىنىشتىن قورقىمەن» دېدى.

قىزىقسىنىپ ئۇنىڭ كېيىدىگە،
دېدىم: «بۇ ئىش ئەلنىڭ ئىلكىدە.
ئەل داڭلايدۇ
كىمكى تەر تۆكۈپ
ئېرىشسە ئەلنىڭ مۇھەببىتىگە.»

دېدى: «مۇشۇ ئۆزۈمگە بەلكىم،
سىڭگەن بولسا مېنىڭ ئەمگىكىم،
ھۆزۈرلانسا يىگەندە خەلقىم،
شۇدۇر مېنىڭ ھۆزۈرۇم، داڭقىم.»

*

باغۋەن قىزى،
مېنىڭ مەشۇغۇم،
ئارتتى ساڭا زوقۇم - خوشلۇغۇم.
چۈشمىسەڭمۇ سۈرەتكە، مەيلىڭ،
لېكىن مېنىڭ پۈتتى قوشۇغۇم.

1959 - يىل سېنتەبىر، تۇرپان.

## بىر يىگىتنىڭ خاتىرىسى

مۇھەببەتسىز گۈللەردىن ئەلادۇر ياپراق،
بىبەھرى كىميادىن ئەۋزەلدۇر تۇپراق.
بىئەقىل يولداشتىن ياخشىدۇر تاياق،
كور كىشىگە يۆلەر يولىن بىلدۈرۈر.
— «يۈسۈپ - ئەخمەت» داستانىدىن

چىقتى ئېتىمىزغا سېكىلدەك،
ياغلىغىنى چىمىڭ چېكىملەپ.
باققا ئۇنى قىلدىم شەرەت،
كېلەرمىكىن دەپ ئەركىملەپ.

قاراي دىمەيدۇ قايرىلىپ،
قانداق كېتەي مەن ئايرىلىپ؟
يىپسىز ئاڭا مەن باغلىنىپ،
يۈردۈم قېشىدا چۆگىلەپ.

بىر چاغدا ئاستا گەپ ئېچىپ
باقسام شۇ گەپتىن گەپ تېپىپ،
گەپنى يىراققا ئەپقېچىپ،
دەرت سالدى دەرتكە تۆپىلەپ.

ئاخىر چىدالماي «ئاھ» دېدىم،
ئاۋال قېشىنى ماختىدىم.

«كۆيدۇم، مادارىم يوق، دىدىم، —
كەلدىم شىپا ـ دەرمان تىلەپ.»

شۇ چاغدا قىزچاق بىر قاراپ،
دىدى. سۇنۇپ بىر تال تاياق:
«قاپسىز ھېرىپ، يۈرمەك ياياق،
سىزگە بولار شۇ يار ـ يۆلەك.»

ھەيران بولۇپ بۇ سۆزگە مەن،
رەنجىشتە ئېيتتىم قىزغا مەن:
«كىم بوپ كۆرۈندۇم سىزگە مەن،
قىلغانمىدىم تاياق تەلەپ؟»

شۇ چاغدا يەنە دىدى قىز:
«يوق ھېچ مادارىم دىدىڭىز،
بولسۇن بۇ سىزنىڭ ئېتىڭىز،
مىنىپ كېتىڭ خا يېتىلەپ.»

دىدىم: «مېنى بىلمەك مېيىپ،
يوق قىلچە بەستىمدە ئەيىپ.
گەر ۋەسلىڭىز بولسا نېسىپ،
مېڭىپ چىدايمەن ئۆمىلەپ.»

دىدى: «چۈشەنمەي گەپنى سىز،
قايمۇقتىڭىزغۇ زەپمۇ سىز،
بىلمەيدىكەنسىز سەتنى سىز،
شۇڭا يۈرۈپسىز تەمتىرەپ.

ئۇنداق ۋىسالنى ئەمدى سىز
تاپماقتا ئاجىز بۇندا سىز.
نەلەردە قالغان بەندىسىز؟
بۇ سودىدىن يوق سىزگە نەپ.

بۇ چاغدا ھەر بىر پەيتتە بىز
ئىشتا سىنايمىز مەرتنى بىز.
قانداق ئۆتەيسىز شەرتنى قىز،
بىر ئۆمىلەپ، بىر تەمتىلەپ.

ئويلاڭ، زامانغا سەپ سېلىڭ،
ئىغىزنى چايقاپ گەپ قىلىڭ.
ئۇشبۇ تاياقتىن نەپ ئېلىڭ،
ئەجەپ ئەمەس كەتسە يىلەپ.

بۇ بىر قۇرۇق تال بولسىمۇ،
قاشاڭ ئۇلاقتا قامچا بۇ.
قارغۇغا بولغاي يولچى بۇ،
ھەر چامدىمنى بەلگىلەپ.»

ئاغزىم تۇۋاقلاندى شۇ ئان،
تەرگە چۆمۈلدۈم شۇ ھامان،
بولۇپ يولۇمغا مەن راۋان،
ماڭدىم ئۆزەمنى جىمىلەپ.

دىدىم ئۆزەمگە شۇندا مەن:
راست، نەدە قالغان بەندىمەن؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

تۈز يولغا چامداي ئەمدى مەن،
يۆرمەي تولا ئېزىپ - تېنەپ.

يول تاپتىم ئاخىر «يولچى»دىن،
ھوشۇمغا كەلدىم قامچىدىن.
كۆل تەرەمسەم تەر - ئۆنچىدىن،
يوقكەن ماڭا ھېچ ياخشى گەپ

1959—1961 - يىل، تۇرپان - غۇلجا

## سۇ كەلدى

تاش ئويۇپ، ئۆستەڭ قېزىپ سۇ ئەكەلدۇق،
تاغلاردىن، يەر تەكتىدىن، بۇلاقلاردىن.
تەبىئەت تىلسىمىنى تەسلىم قىلىپ،
ئۆتەلەكتە ئۆملۈك يولى سىناقلاردىن.

تۇرپاننىڭ چاكىلدىغان تەشناسىغا
قۇيۇلدى زۇمرەت ئېقىم شاۋقۇن سېلىپ.
ئويغاندى تالاي دەشتلەر ئۇيقۇسىدىن،
ئۇيقۇغا ئەمەس، بەلكى سۇغا قېنىپ.

كۆلدى يەر، كۆلدى ئېتىز، كۆلدى باغلار،
سىم بويلاپ ئۆستەڭلەردىن چىقتى يۇلتۇز.
كۆز تىكىپ بۇ كارامەت سەھنىسىگە
ئېسىمگە كېلىپ قالدى كونا بىر سۆز:

ئۆتكەنمىش «كارامەتلىك» بىر ئەۋلىيا،
بۇ يۇرتتىن كۆڭلى رەنجىپ ئوقۇپ ئەپسۇن،
قولىنى تەتۈر ئۆرۈپ قاغاپتىمىش:
«ئاستىڭ كۆل، ئۈستۈڭ چۆل بوپ ئۆتۈپ كەتسۇن!»

راست بولسا ئەۋلىيانىڭ ئۆتكەنلىگى،
راست بولسا ئەۋلىيانىڭ بەددۇئاسى،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

راست بولسا بەددۇئانى قوبۇل ئەتكۈچ،
نېمىدۇ شۇملۇق تىلەپ مۇددىئاسى؟

راست بولسا شۇ ئەۋلىيا، كۆرسۇن بۈگۈن،
دەۋرىمىز قۇدرىتىگە نەمە دەركىن؟
بىز كۆلسەك ئاشۇ يالغان رىۋايەتكە،
كىملەردۇ دۇرۇت ئوقۇپ تۇرار بەلكىم.

ئەپسۇنلار، بەددۇئالار، ئەۋلىيالار
نادانلىق، ئەركسىزلىك يالدامىسى.
شۇڭلاشقا بىر تامچە سۇ ئىچمەك ئۈچۈن
تۆكۈلدى ئەلنىڭ تۈمەن دۇردانىسى.

ئۆمۈرلۈك تەشنالىغى بىر قانمىدى
قازسىمۇ قانچە پەرھات قانچە بىستۇن.
ئەمدىچۇ، زامانىمىز قۇدرىتىدىن
قىلدۇق بىز تىلسىملارنى ئاستىن - ئۈستۈن.

سۇ كەلدى، شېرىن كەلدى قوشاق ئېيتىپ،
جىمىقتى چاڭقاقلىقنىڭ پەرياتلىرى.
كارامەت ئاچقۇچىدۇر ئازات ئەمگەك،
ئەۋلىيا - زامانىمىز پەرھاتلىرى.

1969 - يىل ماي، تۇرپان

## ئامرىغىم

ئەرىغىم كۆڭۈل شادى،
ساڭا بىر گېپىم بادى.
كۆڭلۈمگە ئارام يوقكەن
بۇنى ئېيتمىسام زادى.

كۆردۈم سېنى تومۇزدا
ئىش قايناغان ئېتىزدا.
يەلكەن بولۇپ ئۆزۈپسەن
ئاق ئالتۇنلۇق دېڭىزدا.

يۈرىگىڭنى كۆردۈم مەن
پېشانەڭدىكى تەردىن.
ئۆمرۈمگە بىلىپ ھەمدەم
كۆڭلۈمنى ساڭا بەردىم.

1960 - يىل، تۇرپان

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ئۆتكەل

بىز بۇ مەنزىلگە كەلدۇق يىراقتىن،
يەلكىمىزگە ئېغىر يۈك ئارتىپ.
ھېچكىم بىزنى ئەكەلگىنى يوق
باغاق يېزىپ تويغا قىچقارتىپ.
كەلدۇق ئۆزىمىز تارىخ يولىدىن،
ھۇقۇش ھۇۋلىغان زۇلمەت چۆلىدىن.
بەخت بىغىغا كۆيۈپ-ئىچ تارتىپ.
سىنالمىغان يوللارنى بېسىپ،
داۋان ئېشىپ يولنى قىسقارتىپ.

بىز بۇ مەنزىلگە كەلدۇق يىراقتىن،
لەپىلدىتىپ لېنىن تۇغىنى،
سەپلەر تۈزۈپ قەدىم شەرقتىن.
سانىساق،
بۇ قىزىل يۈرۈشنىڭ
يېشى ئەمدى ئاشتى قىرىقتىن.
بىراق بىز يۈكنى ئالدۇق نېرىدىن —
بۇنىڭدىن نەچچە ئۇزۇن تارىختىن.

ئاتلار ئورۇق،
يوللار ئۆرە ئىدى.

سانسىز كۆلپەت يولنى توردى.
قانلار ئىچىدە ئۆزدۈق تالاي يىل،
قانچە لۈجىلەر ئارتقا سۆردى.
بوي بەرمىدۇق،
چۈنكى يۈرەكتە
پارلاق مەنزىلگە ئىشەنچ زور ئىدى.

ئۆتكەل ئاشتۇق دەشتلەرنى كېزىپ،
يۈگۈك بولۇپ تاغنى ئۆلتىپ.
جەڭ نەغمىسى چىقتى ئەۋجىگە،
چۇقان سالدۇق ۋەتەن بويلىتىپ.
يېتىپ كەلدۇق مۇشۇ مەنزىلگە
تۇلپارلارنى چېپىپ ئۇيىنتىپ.
بوران بولۇپ بۇلۇتنى قوغلاپ،
چولپان بولۇپ تاڭنى ئويغىتىپ.

تاڭ ئويغاندى
شەرق سۆزلىدى
دوزىخى زۇلمەتكە يەتتى قىيامەت.
شۇ زۇلمەتنىڭ خارابىسىدە
جەۋلان قىلىپ قىزىل كارامەت،
ۋەيرانىلەرنىڭ ئاۋات بىناسى
قۇياشتەك چاقناپ كۆتەردى قامەت.

بۇ بەختنىڭ ئايەم ـ ھارپىسى،
گۈلىمىزنىڭ پورەك ـ غۇنچىسى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بۇ، ھارپىنىڭ داستىخىنىدا
سۇنۇلغان جامنىڭ تېخى تۇنجىسى.
بىراق قەدىرگە يەتكەنلەر ئۈچۈن
ئەسىرلەر چاڭقاپ ئۆتكەنلەر ئۈچۈن،
زەھەر-زوقۇم يۇتكەنلەر ئۈچۈن
دېڭىزغا تەڭ ئۇنىڭ تامچىسى.

بېسىپ ئۆتتۇق قانچە ئۆتكەلنى
ھېلىمۇ بىز ئۆتكەل ئۈستىدە.
بىراق چارچاش يات ۋۇجۇدىمىزغا.
بىز قىلچىمۇ تىنىمەيمىز نەپ،
يالغان ئېيتىپ مەشۇغىمىزغا
لاپ تولدۇرۇپ قوشۇغىمىزغا.
تولا ھېجايماڭ «ئاق ساراي»لىقلار،
مۇنچە تىكىلىپ تېلىسكوپ بىلەن
بىزنىڭ ئانچىكىم قوسۇرىمىزغا.
كاسات بازار ئىغۋالىرىڭىز،
چاك-چاك كەتكەن پەتۋالىرىڭىز
ۋەھىمە سالالماس قوشۇنىمىزغا.
بۈگۈنغۇ بىردە توينىڭ ھارپىسى،
ھەتتا گىيا يىگەن چاغدىمۇ،
دۇئا قىلىپ ئىنساۋىڭىزغا
بارمىدۇق ھەم مەڭگۈ بارمايمىز،
ئۆلۈم، باش قويۇش بوسۇغىڭىزغا...

*

دوستۇم، ئەتىمىز نەقەدەر ئىسىل!
ئۇنىڭ گۈزەل ھۆسنىدىن خىجىل.
جەننەتنىڭ ھۆر - پەرى قىزلىرى.
ئەنە، بەختىمىزنى سۆزلەپ تۇرۇپتۇ
كۈلۈپ ئۇنىڭ گۈزەل كۆزلىرى.
پارلاق مەنزىل ئىشقىدا يېنىپ،
ئۇچۇپ بارماقتا سۇمرۇقتا ھىنىپ
قىزىل جۇڭخۇا ئەزىمەتلىرى —
ئىنقىلاپنىڭ چەۋەندازلىرى
ئۇر دۇمباقنى
چۇشسۇن ئارقىدىن
«ھاي يۈلەن»نىڭ نەغمە - سازلىرى!
سۆزىمىزگە ئىسپات - دالالەت،
تويىمىزغا ئايغاق - بەشارەت
ئۆتكىلىمىزنىڭ شانلىق ئىزلىرى.

1961 - يىل، دېكابىر

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# سىتۆپىنسونغا رەددىيە

ئامېرىكىنىڭ پ د ت دىكى باش
ۋەكىلى سىتۆپىنسون جۇڭگونى يەنە
«رەھىمسىز»، «تاجاۋۇزچى» دەپ
ھاقارەتلىدى.

— گېزىت خەۋىرى

بىز تۆرەلدۇق
بىزگە ھاياتلىقنى راۋا كۆرمىگەن.
كونا دۇنيانىڭ ئاياق ئاستىدىن.
چىدىغۇسىز كۈلپەت دەستىدىن.
بىز تۆرەلدۇق
قاتىللارنىڭ قورشاۋىدا،
قىلىچلارنىڭ بىسىدىن،
بومبىلارنىڭ،
زەمبىرەكلەرنىڭ
پارتلىشىدىن، گۈمبۈرلىشىدىن،
سېسىق، بۇرۇقتۇم تۈتەك ئىچىدىن.

بىز خالايتتۇق
ھاياتلىققا كۈلۈپ كېلىشنى.
لېكىن تۈردۇق قوشۇمىمىزنى
كۆرگەچكە دۇنياغا كۆز ئاچقان ھامان
بىزگە تەڭلەنگەن قانلىق قىلىچنى.

كۆردۈق شۇ چاغدا
ئاشۇ قىلىچتا
ئۇلۇغ ستالىننىڭ تامغىسىنى بىز.
ئۇلۇغ ستالىن،
ئەنە شۇنىڭدىن
ئاتا دۈشمەن دەپ بىلگەن سېنى بىز.
بىلگەن ئىدۇق
سانسىز قۇربانلارنىڭ قىزىل تىرنىغى
سېنىڭ بويۇنۇڭدا ئىكەنلىكىنى.
بىلگەن ئىدۇق
تىلىڭدىن شېكەر تامغان چاغدىمۇ
خەنجەر قويۇنۇڭدا ئىكەنلىكىنى.
شۇڭلاشقا بىز
قىساس ئانىسىدىن دۇنياغا كەلدۇق.
شۇڭلاشقا دۇنياغا ئۆزىمىز بىلەن
ساڭا چەكسىز نەپرەت ئەكەلدۇق.

بىز كۆرۈپ ئۆستۇق
تالەيىڭنىڭ ھۇرپىيىشىنى،
جاللات كۆزۈڭنىڭ چەكچىيىشىنى.
بىز ئاڭلاپ ئۆستۇق قاغىشلىرىڭنى،
چىشلىرىڭنىڭ غىچۇرلىشىنى.
شۇڭا دارىتىمدۇق ۋۇجۇدىمىزغا
سەندىن ئىنساپ-شەپقەت كۈتۈشنى.
ھە، شۇڭلاشقا
بىر قولدا كەتمەن يا قەلەم تۇتساق،
ئۈگەندۇق بىر قولدا مىلتىق تۇتۇشنى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

سەن دىگەندەك،
بىزنىڭ باغرىمىز
كۆرۈنگىنى راست ساڭا تاش بولۇپ.
بىراق باغرىمىزنى شۇنداق قاتۇرغان
سەن ئەمەسمۇ تاش - مۇشت ياغدۇرۇپ.
قانلىق تىغلىرىڭ قوينۇڭدا تۇرسا،
بىز ساڭا قانداق قۇچاق كېرىمىز؟
شۇملۇق ئۈنۈپ تۇرسا ئىزىڭدىن،
شۇمپەيلىڭ ھومىيىپ تۇرسا كۆزۈڭدىن،
بىز ساڭا قانداق مېھىر بېرىمىز؟

بىز خالايتتۇق
تانكىلاردىن تىراكتۇر ياساپ
ۋە قىلىچتىن ئوغاق سوقۇشنى.
بىراق
سەن قان ئىچىپ دەندىگەن جاللات
يالىڭاچلاپ تۇرساڭ قىلىچنى؛
«بەسلىشىپ ئوما ئورايلى، كەل» دەپ،
خالىمايمىز ئۇنىڭ بىسىغا
بېشىمىزنى تۇتۇپ بېرىشنى.
بىز بىلىپ تۇرۇپ ياۋۇز پەيلىڭنى،
نىمىشقا ئەقىلنى قىلىمىز تەسلىم
نادانلىققا — ساڭا ئىشەنچكە؟
ياق،
تارىخ ئالدىدا گۇناكار بولۇپ
تىلىمىزنى ئۆگىتەلمەيمىز
سەندىن ئادالەت - شەپقەت تىلەشكە!

بىزنىڭ قەلبىمىز تولغان لىپمۇ-لىپ
تىنچلىققا مۇھەببەت بىلەن.
تىنچلىق تېخى قورشاۋدا تۇرسا،
سالاغا چۈشۈپ خەتەر-خەۋپ بىلەن.
ئۆزىمىزنى،
ئىنسانىيەتنى
ئالدىيالمايمىز قۇرۇق گەپ بىلەن.
ئاپەتتىن ئاسرايمىز تىنچلىقنى بىز،
كۈرەش سېپىدە تاقابىل تۇرۇپ
ساڭا قارشى ئۆچ-نەپرەت بىلەن.

مەيلى، بىزنى سەن قانچە قارغىغىن،
مەيلى، قانچە چاپلىغىن تۆھمەت،
چۆچۈتەلمەس بۇ بىزنى قانچە
تۇغدۇرالماس تىماقچە ھەسرەت.
بىراق
ماختىغىنىڭ ھەممىدىن دەھشەت.
شۇڭلاشقا بىز باشقا يول ئېلىپ،
سېنىڭ رايىڭغا قارشى ئىش قىلىپ،
تىنچلىق سۆيەر ئىنسانىيەتتىن
ئالىمىز رەھمەت.

مۇھەببەت، نەپرەت — بىزگە قوش خىسلەت،
لېكىن ساڭا خاس نەپرەت-قەھرىمىز.
ساڭا قارشى ئاشۇ نەپرەتتىن
تىنچلىقنىڭ گۈلستانىغا

سىڭىپ باردۇ ئەجىر - بەھرىمىز.
ئۆلچىنىدۇ شۇ نەپرەت بىلەن
يېڭى دۇنياغا،
ئازاتلىقنىڭ تەشنالىرىغا
بىزنىڭ سەممىي، چوڭقۇر مېھرىمىز...

1961 - يىل دېكابىر، ئۈرۈمچى

## ئۆزنەش

كېتەسەن جەڭچى يىگىت،
چېگرا بويىغا كۆز بولۇپ.
قالدى كۆڭلۈم ئاسمىنىدا
ئىشقى ئوتۇڭ يۇلتۇز بولۇپ.

كۆزلىرىڭ چېگرادا بولسا،
سەن مېنىڭ كۆڭلۈمدە سەن.
ھەمنەپەسمەن سەن بىلەن،
كۆڭلۈمدە سەن، ئۆمرۈمدە سەن.

1961 - يىل

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# يولۇق ئالما

يوللۇغۇم بولسۇن ساڭا
قوينۇڭغا سالغىن ئالمىنى.
ھەر سېغىنغاندا پۇراپ،
يادىڭغا يارىم ئال مېنى!

بۇزمىغىن كۆڭلۈڭنى سەن،
يوق دەپ غېرىپلىق دارىسى.
كەتتىغۇ سېنىڭ بىلەن
بىللە يۈرەكنىڭ پارىسى.

1961 - يىل

# «ئاسەن»نىڭ شىكايىتى

يېقىندا يولداش ماۋزېدۇڭ
مۇبالىغىچىلىقنى قاتتىق تەنقىت
قىلدى.

ئەۋلاتلاردىن ئەۋلاتلارغا قالغانمەن،
بىر مەنىدە خىلمۇ-خىل نام ئالغانمەن.
يا مىللەتلىك، يا سىنىپلىق چېكىم يوق،
ئادەم ئۈچۈن ئورتاق نېسىپ بولغانمەن.

كەزدىم، كۆردۈم تالاي تارىخ، قىسمەتنى،
ھەركىم ماڭا تاڭدى ھەر خىل خىزمەتنى.
ۋەزىپەم شۇ: پەرق بىلەن نىسبەتنى
ئايرىش ئۈچۈن، ئۆلچەش ئۈچۈن مىزانمەن.

گايى ئۈستتە، گايى چاغدا پەستە مەن،
گايى ياخشى، گايى چاغدا ئەسكى مەن،
راستچىلارغا مىزان بولسام، راستچى مەن،
يالغانچىلار ئىشلەتكەندە يالغان مەن.

بەك خورلاندىم يالغانچىلار دەستىدە،
ئىشلەتكەندە ئۇلار رەزىل قەستىگە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تۆھمەت بولۇپ چىقىپ ھەقنىڭ ئۈستىگە،
ئادەملەرنى قايمۇقتۇرغان تۇمان مەن.

ھالىگەرلەر ھەقىقەتتىن ئۆرۈپ لاپ،
بازار تاپتى ھەريان چېپىپ پوسۇرلاپ،
شۇ مەككارغا چاپان بولدۇم خىزىر باپ،
ئۆلىمانى ئېزىقتۇرغان شەيتان مەن.

تەكتى قاتىل، قىياپىتى مېھرىۋان،
يالغانلاردىن تويۇپ بولۇپ ئىچى قان،
غاپىل ئىنسان سەزمەي ئۇنى بەردى جان،
ئۇ قاتىلنى كۆرسەتكەچكە لوقمان مەن.

چاشقانلارغا «ئاغمىخان» دەپ نام بېرىپ،
«شانىياز»نى ئۇخلىغىن دەپ يالۋۇرۇپ،
ئۇ ئويغانسا، يەر ئاستىدىن يول بېرىپ،
كۆپ چاشقاننى ساقلاپ قالدىم ئامان مەن.

رەنجىشلىرىم كۆپ بولسىمۇ ئۆتمۈشتىن،
قالغىنىم يوق ھەق جايىمنى تاپماستىن.
تۇنجى قېتىم ھەقىقەتچى ماركستىن
ئەڭ مۇكەممەل ئىپادەمنى تاپقانمەن.

شەرەپلىكمەن ماركسچىلار ئېلىدە
مىزان بولدۇم ھەق-ناھەقنىڭ پەرقىگە.
ماركسچىلار يەڭگەن ئەلدە، ئۆلكىدە
بولالمايمەن ناھەقلىققە قورغان مەن.

ماركسچىلار يەڭگەن جۇڭخوا ئېلىدە
ماۋزېدۇڭچى ئەرلاترىنىڭ تىلىدە،
ياخشىلىقنىڭ، ئۇتۇقلارنىڭ جەمىگە،
كەلمەكتىمەن سالماق بولۇپ ھامان مەن.

شۇنداق ئادىل باھا بولۇپ تۇرمۇشقا،
شەرەپ تاپسام، قالماي ئۇيات-نومۇسقا،
مەن شاتلانماي بۇ شەرەپكە نىمشقا،
دەيمەن شۇڭا: بۇ شەرەپكە قۇربان مەن.

شۇنداقتىمۇ گايى بۇلۇڭ-پۇشقاقتا،
چىقىپ كەلدىم ھېچ ئورۇنسىز پەشتاقتا.
يوقالماستىن بۇ ھەقسىزلىق ھېچۋاقتا،
ئازات بولدۇم دېمەلمەيمەن تامام مەن.

تەختىكە چىقىپ بۇ ئەلدە ھەق-ئادالەت،
يالغانچىلىق سانالسىمۇ جىنايەت،
بەزى چاغدا، بەزى جايدا تالاي رەت
يالغانچىغا بولۇپ كەلدىم قالقان مەن.

بەزى يالغان دوكلاتلارغا توقۇلدۇم،
ئۇتۇقلارغا نىسبەت بولۇپ سۇنۇلدۇم،
يوقۇرىغا بەزەن شۇنداق تونۇلدۇم،
ھەقىقەتتە ئۇتۇق ئەمەس، نوقسان مەن.

بەزى مەجلىس بەك داۋراڭلىق ئېچىلدى،
قارىماققا نۇرغۇن توگۇن يېشىلدى،

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

بۇ «نەق ئىش»قا مېنىڭ تامغام بېسىلدى،
راستى نەق ئىش ئەمەس، قۇرۇق چۇقان مەن.

يالغانچىنىڭ ۋەدىسىنىڭ سانى يوق،
كېپىللىككە مېنى تارتىپ ھالى يوق.
سۇرۇشتۇرسەڭ، نەتىجىنىڭ تايىنى يوق.
ئاغزى بىلەن شەھەر ئالغان پالۋان مەن.

بەزى چاغدا سورۇلمىغان خاماندىن،
گەپ ئاچقاندا بۇغداي بىلەن ساماندىن،
باھا بولدۇم نەق بۇغدايغا يالغاندىن،
ھەقىقەتتە بۇغداي ئەمەس، سامان مەن.

ئارىلاشقاندا يالغانچىلار ۋاۋۇتقا،
چىقىپ كەتتى تالاي رۇدا نابۇتقا،
مېنى سالماق قىلدى يەنە پولاتقا،
ھەقىقەتتە پولات ئەمەس، داشقال مەن.

يالغانچىلار ئارىلاشقاندا سودىغا،
يالغاندىنلا سالماق بولۇپ پايدىغا،
نومۇس قىلماي باردىم مەركەز ئالدىغا،
سۇرۇشتۇرسەڭ، پايدا ئەمەس، زىيان مەن.

يالغانچىلار ئارىلاشقاندا ئىلىمگە،
تەتقىقاتى بارماستىنلا يېرىمگە،
داۋان ئېشىپ يەتتۇق دەيدۇ مەنزىلگە،
ھەقىقەتتە ئېشىلمىغان داۋان مەن.

بەزى چاغدا بىنەپ ئىشقا باشلامچى،
دەريا باشلاپ كەلدۇق دىگەن داۋراڭچى،
ھەقىقەتتە ئىچەلمىگەن بىر تامچى،
«ھاۋانچىدا سۇيەنچىگەن ئىشچان» مەن.

سۆزلەپ كەلسەم مۇنداق ئىشلار خېلى بار،
خېلى ئىشتا يالغانچىنىڭ قولى بار.
تۇمشۇغىغا يەپ تۇرسىمۇ ھىلىمۇ،
ساقايتىشقا بولۇپ كەلدىم دەرمان مەن.

مېنى سېتىپ جان باقتى كۆپ يالغانچى،
ئۇ كىم دىسەڭ، قىزىقۇنچاق ھەم ئالدامچى،
بيۇروكراتلار بولدى ئاڭا تاياندى،
شۇنىڭ ئۇچۇن بولدۇم خېلى بەتنام مەن.

بۇ ئىشلاردىن كەلگەن زىيان ئاز ئەمەس،
كۆرمىگەن كۆز ئۇنى، ئادىل كۆز ئەمەس،
شۇڭا دەيمەن: مەن بۇ ئەمدى رازى ئەمەس
ھەق جايىمنى تۇگەل تاپماي چاپسان مەن.

ئاز بولمىدى يالغانچىنىڭ ئەلدىمى
يەتكەن جايدا ئۇنىڭ رەزىل قەدىمى.
بولمىغاندا ماۋجۇشىنىڭ تەلىمى،
خارلىناتتىم بۇنىڭدىنمۇ يامان مەن.

بارىكاللا ماۋجۇشىنىڭ پەمىگە،
دەككە بەردى يالغانچىلىق ۋەھمىگە،

www.uyghurkitap.com

ئەمدى ئاسان چىقالماس ئۇ سەھنىگە،
يالغانچىغا ئەمەس ئەركىن مەيدان مەن.

تەكشۈرۈشلار ئۆتكەن ئىشنى سىنچىلاپ،
مەن يالغانغا نىقاپ بولدۇم قانچىلاپ.
مېنى بوزەك قىلغانلارنى قامچىلاپ
تۇنجۇقتۇرۇك، قىلاي ئەركىن خەندان مەن.

مانا، ھەقنىڭ ئادىل ھېساپ كىتاۋى،
يالغانچىنى تىترەتمەكتە گۇنايى.
بولغان بولسام بۇرۇن ئۇزىنىڭ نىقاۋى،
ئەمدى قىلمىش .. گۇنايىغا مىزان مەن.

1962 - يىل يانۋار - مارت، ئۈرۈمچى

## ئۇرچۇق باتۇر

شۇنداق سۆز بار
(كونىدىن قالغان):
«لەقەم قويۇش خىزىرنىڭ ئىشى.»
تووۋا، خىزىر خۇددى ئۇيغۇردەك
ئۇيغۇرلاردا ئاز لەقەمسىز كىشى.

خىزىر دىگەن ئەپسانە چۆچەك،
ئۇنى ياسىغان ئادەم خىيالى.
بىراق كۆپ ۋاقىتتا لەقەم ئادەمنىڭ
بولۇپ قالىدۇ نامى ـ ئەمالى.

*

ئىسمى ـ جىسمى تۇرسىمۇ ئايرىپ
بۇ سەپتىكى بارچە ئادەمنى،
ھەيران بولۇپ دەيسىز:
«نىمىشقا
‹ئۇرچۇق باتۇر› دەيدۇ پاتەمنى؟»

جۇغى كىچىك بولغاچقا ئۇنىڭ،
ئاسانغا چۈشمىدى زاۋۇتقا كىرىش.
«قانداق يارىسۇن، — دىگەن بەزىلەر، —
تۇرسا ئۇنىڭ بويى تۆت غېرىش؟»

مانا ئۈچ يىل ئۆتتى ئارىدىن،
بويى يەنە خۇددى شۇ پېتى.
بىراق ئۇنتۇلۇپ ئەمدى «تۆت غېرىش»،
«ئۇرچۇق باتۇر»غا ئايلاندى ئېتى.

ئىككى يىلدا ئەمچى ئاتالدى
«شاگىرت» ئاتلىق ئۆتكەلنى ئېشىپ،
سېخ ئىچىدە قىزىل توغ بولدى،
ھەلەك ئۇرچۇقتا ئىنچىكە ئېشىپ.

ئەنە قاراڭ،
ئۇنىڭ ئىلكىدە
مايراپ تۇرىدۇ بىر جۈپ دەستىگاھ.
شۇڭا ئەمدى كەمسىتىش، گۇمان
دەسسىلىپ قالدى ئۇنىڭ ئاستىدا.

*

بىرمىڭ ئۇرچۇق - ئىككى دەستىگاھ،
ئۈچ ئايلىنىش - يېرىم چاقىرىم.
ئوخشاتقىنىمدا ئۇنى فورونتقا،
كوماندىرىغا دەيمەن: ئاپىرىن!

«قانچە ئەسكەر بار بۇ فورونتتا؟» دەپ
سوئال قويساق كوماندىرىغا،
«ئۇرچۇق باتۇر» جاۋاب بېرىدۇ:
«ئۆزەم بىلەن بىرمىڭ بىرى بار.»

بىرگە مەلۇم،
ياخشى كوماندىر
كۆرىدۇ ئۆزىنى جەڭچى بىلەن تەڭ.
شۇڭا ئۇ دانا،
شۇڭا ئۇ كۈچلۈك،
شۇڭا يېڭىدۇ ئۇ باشلىغان جەڭ.

*

دەستىگاھنىڭ يېنىدا جىمجىت
بىردىن ساندۇق تۇرىدۇ ھامان.
لېكىن ئاچقاندا تۆت سائەتتە بىر،
تەكشۈرگۈچى بولىدۇ ھەيران.

ئاشۇ ساندۇق ئېچىلغان ۋاقتا،
تولغان بولسا ئىچىگە پاختا،
بۇ، ئەلۋەتتە بىراكتىن بەلگە،
يوشۇرالماس ئۇنى ھېچ ساختا.

بۇ ئۇيات، ئىش،
لېكىن ئۇنىڭدىن
«ئۇرچۇق باتۇر» خالى ھەركۈنى.
ئۇنىڭ ساندۇغى قۇرۇق دېگۈدەك
بەزىدە بىر ئاچساڭۇ ئۇنى.

شۇڭا دەيدۇ بەزىلەر:
«بىرمۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com

«ئۇرچۇق باتۇر» دەك ئىشلىسەك مەزمۇت.
شۇ ساندۇقتا كەتكەن ئەمگەكتىن
نەچچە زاۋۇت بولاتتى مەۋجۇت...»

*

توقۇمىچى ئارزۇ قىلىدۇ
«ئۇرچۇق باتۇر» ئىگىرگەن يىپنى.
شۇنداق يىپتىن توقۇسا ئۇ قىز
خۇددى پاكىچۇ قىلىدۇ چىتنى.

ئاۋۇتىدۇ ئاشۇنداق رەختلەر
تەكشۈرگۈچى قىزنىڭ ئىشىنى.
رەختتىن قۇسۇر تاپالمىغاچقا،
ئۇبراتمايدۇ قېرىندىشىنى.

دەيدۇ ئۇلار رەختكە زوقلىنىپ:
نېمە دېگەن چىرايلىق، سىپتا!
توقۇلغاندەك گويا بۇ رەختلەر
«ئۇرچۇق باتۇر» ئىگىرگەن يىپتا...

شۇنداق رەختنى ئالغان كىشىلەر
ئايانماستىن سانايدۇ پۇلنى.
مەيلى، قانچە قىممەت بولسىمۇ
ئىزلەپ تاپىدۇ ئۇستا سەيپۇڭنى.

سەيپۇڭ ئۇستام رەختنى قەدىرلەپ،
رازى قىلىدۇ ھۈنەردە سىنى.

«گۈل ئۈستىگە گۈل بولدى راست» دەپ
ھەۋەس بىلەن كىيەن ئۇنى.

*

ئاشۇ رەختلەر بىزنىڭ زاۋۇتتىن
چىققان (نەچچە چېچەكلەردىن — سېختىن).
يارالدى ئۇنىڭ ئىسىمى ئۆلگىسى
«ئۇرچۇق باتۇر» ئىگىرگەن يىپتىن.

بىخەۋەرلىكىدۇ ئاتا-ئانىلار:
«ئۇرچۇق باتۇر» دەڭ بولسا! قىز بالا.
مەندۇ زوقلىنىپ دەيمەن:
شۇ قىزغا
قايسى بەختلىك يىگىت جۈپ بولا!

1962 - يىل ماي، ئۈرۈمچى

www.uyghurkitap.com

# ۋەتەن ھەققىدە غەزەل

جان ئانام، جانان ئانام جۇڭگو، ئۇنىڭ پەرزەندىمەن،
مېھرىگە جىسمىم بىلەن، ئىشقىم بىلەن پەيۋەندىمەن.
قەلبىمىزنىڭ مەشئىلى كومپارتىيە — باشلامچىمىز،
توي بىلىپ ئات سالدىمەن ئۇ باشلىغان ھەر جەڭگە مەن.
شۇ قۇياشلىق دەۋرىمىزدىن تاپتى ئەل چەك شان-شەرەپ،
ئىپتىخارىم: شۇ زامانغا كۈيچىمەن، سازەندىمەن.
شۇ مۇھەببەتسىز، شۇ مەشئەلسىز، شەرەپسىز بىر مىنۇت —
ياشىسام جەننەتتىمۇ دەيمەن: «دوزاختا بەندىمەن».
تارىخىم بار شانۇ-شەۋكەتلىك شۇ تۇپراق قامۇسى،
مىڭ كىتابلىق دەرس ئالارمەن ھەر ۋاراق كۆرگەندەمەن.
شۇ ئۇلۇغ تارىخقا ۋارىس بولمىسام ئۆمرۈم بويى،
ئۆلگىنىم مىڭ ياخشى، بولغاندىن تىرىك شەرمەندەمەن.
ئانا تۇپراق توپىسى گويا كۆزۈمگە تۇتىيا،
چۆلدە يۈرسەم ئۆزەمنى سېزىمەن گۈلشەندە مەن.
سۇلىرى ئابىھايات، كەۋسەر خىجالەت ئالدىدا،
نە ئۇچۇن مۇھتاج بولاي، خۇشتار بولاي زەمزەمگە مەن.
نەگە بارسام ئۆز ئانام قوينىدا مەن، ئۆزگە ئەمەس،
مەيلى خوتەن، مەيلى ئەنشەن، مەيلى تەيخاڭشەندە مەن.
ئۆزگە يۇرتتا شاھى تون ئىچرە قورۇنغان تەنلىرىم
ئۆز ئېلىمدە يايرىغاي كىيسەم كۆلاھۇ جەندەمەن.
مەنداش قەھرىگە قەھرىم، كۈلكىسى كۈلكەم مېنىڭ،

قايسى غەمدە بولسا ئۇ مەنمۇ هامان شۇ غەمدە مەن.
سانچىلارمەن تىغ بولۇپ، كىمكى ئۇنىڭغا قىلسا قەست،
دوستىغا دوستلارچە هەمدەم بولىمەن هەمدەمدە مەن.
راهەتى تۇرماق، مۇشەققەت پەيتىمۇ راهەت ماڭا،
داتلىسام راهەت ئارا، تۇزكور بولۇپ ئۆلەمدىمەن!
كۆيمىقاپتا قارشى ماڭغان پەھلىۋان ئوغلى تۇرۇپ،
قوترىغان تەتۈر قويۇنلار نوقتۇسا تەۋرەمدىمەن.
بەختى كۆلمەكتە ۋەتەنىنىڭ، ئەتىمىز ئاندىن گۈزەل،
تۇرسا ئۇ بەرگەن كۆزۈم، شۇ ئەتىنى كۆرمەمدىمەن.
ئۈز نەسىۋەمدەك قۇچاقلايمەن شۇ بەخت رەناسىنى،
ئايرىغاچقا مەنمۇ جۇتلاردىن ئۇنى مەيدەمدە مەن.
شۇ ژىسالدىن رىشتە ئۈزگەنلەرنى ئۇچراتسام شۇ چاغ،
نەبە دەر ئىغۋاسىنى سالسام يۈزىگە شۇندا مەن.
بەختىيارمەن «مېھرىۋان ئوغلۇم» دىسە مېنى ئانام،
تاپقۇدەكمەن بۇندىن ئارتۇق قايسى بەختنى ئەمدى مەن.
بىر ئۆمۈر قوينىدا تەر تۆككەم، ئۇنى قىلسام رىزا،
نە ئىمىشتۇر بىر ئۆمۈر، مىليون ئۆمۈر خۇرسەندە مەن.
ئۆلمىدى دەڭلار مېنى، ئۆلسەممۇ ياتسام كۆز يۇمۇپ،
شۇ ئانا تۇپراقتا قېزىلغان ئەزىز قەۋرەمدە مەن.
يۈكلىگىن يۈكنى ئانا، مەن تاڭشۇرۇلغان تولپىرىك،
سەن ئۈچۈن يۈكلەشكە رازى تاغنىمۇ يەلكەمگە مەن.
بار ئۈچۈن سەن مەنمۇ بار، سەنسىز هاياتىم يوق مېنىڭ،
چۈنكى مەن سېنىڭ بىلەن بىر جاندا مەن، بىر تەندە مەن.

1962 - يىل، ماي

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## لەۋلىرىڭنى شۇ ئۈزۈمگە ئوخشاتتىم

ئوخشايدىكەن دېسەم لېۋىڭنى
مەي باغلىغان ياقۇت ئۈزۈمگە،
رەنجىپ يۈرمە يەنە باغۋەن قىز،
باشقا مەنە بېرىپ سۆزۈمگە.

ئېسىڭدىمۇ، بولتۇر يازدا بىز
شۇ باراقسان باراڭغا كىرىپ.
شۇ ئۈزۈمدىن ھۇزۇرلىنىپ يەپ،
ماختىنىۋىدۇق زوقىمىز كېلىپ.

سەن شۇ چاغدا دېدىڭ: «ئېسەنگە
بۇنىڭدىنمۇ پىشىدۇ تاتلىق.»
بولدى بۇ سۆز خۇددى ۋەدەڭنىڭ
تەنتەنىسىگە چىللىغان تەكلىپ.

كىردۇق بۈگۈن باراڭغا يەنە
چۆمكەپ ئالدى بىزنى باراقسان.
ھەر بىر ساپاق مىسالى ھۆكەر،
باراڭ گويا ياپ-يېشىل ئاسمان.

شەرۋەتكە تولغان ئۈزۈملەرنى يەپ،
زوقۇم بىلەن قادالدىم ساڭا.

ئىسىل ئىكەن قىزىل سايىۋىسى،
لەۋلىرىڭنى ئوخشاتتىم شۇڭا.

بار مېھرىڭنى تۆككەن ئىكەنسەن
ئاشۇ ۋەدە، ئاشۇ سۆز ئۈچۈن.
بىلدىم «سۆزى شېرىن» دېگەن گەپ
چىققان ئىكەن سەندەك قىز ئۈچۈن.

شۇ مېۋىڭدىن شەرۋەت يېتىلدى،
مېۋىلىك دەسلەپ لېۋىڭدىن تامدى...
باغۋەن قىزى،
بالىلىك ئانىسى،
چۈشەنگەنسەن سۆزۈمگە ئەمدى.

1962 - يىل ئاۋغۇست، تۇرپان

## بۇيلۇقنىڭ تويى

كىمخاپ كىيىپ، تەبىئەتنىڭ ھۆسنى ئۆزگەردى،
ئۆز پەسلىگە نۆۋەت ئېلىپ ئالتۇن كۈز كەلدى.
شېرىن ئۈزۈم شەرۋەت باغلاپ، قىيامغا يەتتى،
شۇ كۈنلەردە ئۈزۈمزاردا توي بولۇپ كەتتى.
ئاشۇ تويدا مەنمۇ شەرۋەت كانىنى كۆردۈم،
«بۇيلۇق» ئاتلىق ئابىناۋات جامىنى كۆردۈم.
دېڭىز دەيسەن چەكسىز كەتكەن ياپ-يېشىل باغنى،
چاڭگا-چاڭگا گۆھەر دەيسەن مىغ-مىغ ساپاقنى.
تاڭزىلاردا پۈتنىڭ ئۇچى سىققۇدەك جاي يوق،
قىزلار دەيدۇ: «سىڭەتلەرنى قەيەرگە قويدۇق؟»
«غەم يېمەڭلار! — دەيدۇ بوۋاي، مەغرۇر، ۋاقتى چاغ، —
غەنىمەت بۇ بىزگە كەلگەن ‹تالىتان تۆكتى› چاغ...»
تارلىق قىلىپ چۈنجىلەرگە چۈنجە قېتىلادى،
ئاسما تىكەن قات-قات شېرىن شەرۋەت يېپىندى.
باغۋەن خوشال، ئوخشىدى دەپ زەپمۇ ھوسۇلۇم،
دەيدۇ: «قېنى خالىغانچە يەڭلار دوستلۇرۇم!»
يىگەن چاغدا ياقۇت رەڭلىك «شىلدىر شېكەر»* دىن،
مىننەتدارمىز باغۋەن تۆككەن ئۈنچىدەك تەردىن.

1962 - يىل، سېنتەبىر

* تۇرپان تەرەپتە ئۈزۈم توغرىلىق «ئانىسى لابدۇر خوتۇن، بالىسى شىلدىر - شېكەر» دىگەن تېپىشماق بار.

## پىشقەدەم جەڭچىنىڭ نەسىھىتى

بالام، سەن يېڭى ئەۋلادسەن، تۇغۇلغەن مەردىمەيداندىن.
زامانەڭ كۆلدى، نۇرلاندى، بورۇقتۇر كەلگۈسىڭ ئاندىن.
بىلەمسەن، كەلدى بۇ نۇر قايسى ئۇچتۇن، قايسى يالقۇندىن.
ئەمەس ئىنئامى تەلەي بۇ، تۇيۇقسىز چۈشكەن ئاسماندىن.
ئۇنىڭ تەكتىگە يەتمەستىن يېتەلمەس قەدرىگە ھېچكىم،
چۈشەن چوڭقۇر ئوقۇپ سەنمۇ قىزىل جەڭنامە ـ داستاندىن.
ئاتاڭمۇ شۇ قىزىل جەڭنامىنىڭ ھەيداسى ھەم شاھىت،
كەچۈرگەن سەرگۈزەشتەم تامچىدۇر بۇ مىسلى ئوكياندىن.
ھاياتلىققا كېلىپ، ئەقلىم بىلەن دۇنياغا كۆز ئاچسام،
ۋەتەن يوقسۇللىرى مەندەك ئىكەن بەك خار ھايۋاندىن.
ئەجەپ ئەزدى قارا ئۈچ تاغ — بىرى چەتتىن بېسىپ باشتىن،
بولاشقانچە ئاڭا ئىككى قارا تاغ قىستىدى ياندىن.
چىدالماي «دات» دىسە دەردىمەن زۇلۇمدىن ئۆرتىنىپ باغرى،
جازا جاللاتى تىغ ئۇردى ۋە يا جاي بەردى زىنداندىن.
بويالدى بۇ ئانا تۇپراق تۆكۈلگەن بىگۇنا قانغا،
پەلەكنى قاپلىدى ئىس ـ دۇت بولۇتتەك ئاھۇ ـ ئەپغاندىن.
قۇلاق سالدى بۇ دەردكە نە خۇدا، نە ئەۋلىيا، سۇلتان،
تېپىلدى دەردكە دەرمان قايسى باتۇر، قايسى لوقماندىن؟
نىجات ئىزلەپ غەرىپتىن، ئالدىنىشتىن پۈتتى بىر تارىخ،
بالا ـ جۇت ياغدى بىر قىچقارمىغان ئالۋاستى «مېھمان» دىن.
تۇغۇلدۇق قايتىدىن، ئاچچىق ساۋاقلاردىن ئېلىپ بىر جان،

www.uyghurkitap.com

ئۇيۇشتۇق قىپ-قىزىل بايراق كۆتەرگەن سەپكە ھەر ياندىن،
يۈرۈش قىلدۇق، ئۇلۇغ ماركس كىتاۋىدىن تېپىپ بىز يول،
كۆرۈپ مەنزىلنى لېنىن باشلىغان نۇرانە دەۋراندىن.
ئۈمىت شىرىن، بىراق ئۇ ئەجىرسىز بەرمەيدىكەن مىۋە،
شۇڭا جانانغا يەتمەك يوق، دىدۇق، كەچمەي تۇرۇپ جاندىن...
گۈدەك-نادان ئىدۇق باشتا، ھودۇقتۇق، تەمتىرەپ ماڭدۇق،
ئېزىقتۇردى ئېزىتقۇ، جىق ئەلەم تارتتۇق زوراۋاندىن.
چىقىپ سەپ ئالدىغا ئاخىر يېتەكلەپ ماڭدى ماۋجۇشى،
زەپەرگە چامدىدۇق ئىبرەت ئېلىپ ھەر قىسما نۇقساندىن.
شۇڭا يولدا خەتەر دەپسەندە، دۈشمەن بولدى شەرمەندە،
پاچاقلاندى زۇلۇم تەختى بوزەكلەر قەھرى-ۋولقاندىن.
ئېلىپ چىقتى بۇ يول بىزنى قاراڭغۇدىن يورۇقلۇققا،
ئېلىپ چىقتى باھارغا قەھرىتان كەزگەن زىمىستاندىن.
بۈگۈن تاغدەك كۆتەردى قەد ئازاتلىقتىن قىزىل جۇڭخۇا،
ماكان تاپتى ھالال ئەمگەكچى ئىنسان باغۇ-بوستاندىن.
كۈرەشتە، ئىشتا ئۆملەشتۇق تۈگۈلگەن مۇشت كەبى مەزمۇت،
جاپانى ئەيلىدۇق تەسلىم، ئېلىپ كۈچ بارچە ئىمكاندىن.
زامانغا مېھرىمىز بىزنى ئاجايىپ تۆھپىكار قىلدى،
شۇڭا ئىزنىم،كتە گۈل ھەر دەم ئەسىرلىك چۆل-باياۋاندىن.
بۇ باغدا باشلىنىۋەتتۇق توي، تېپىپ تۇنجى ھالاۋەتنى،
بەخت جامىغا شەرۋەت تولدۇرۇپ بۇ شەكەرىستاندىن.
بىراق جاي ئالمىسۇن ھەرگىز قانائەت ياكى غاپىللىق،
بۇ تويدا ياڭرىغان شاتلىق، ئەلەمسىز كۈلكە-خەنداندىن.
بالام، مەنزىلىمىز پارلاق ۋە لېكىن ئەگرىدۇر ئۆتكەل،
بۇ يول خالى ئەمەس ھەرخىل توسالغۇ ياكى قاپقاندىن.
راۋا كۆرمەس سائادەت-بەختىنى بىزگە كونا شۇم دۇنيا،

تەلەر بىرگە زاۋاللىق، كەتكەندە ئاخىرقى دەرماندىن.
ئۇنىڭ نامى جاھانگىردۇر، ئىزنىڭ چوڭ ئوردىسى «ئاق ئۆي».
قىلار شۇملۇق قۇتۇلدۇرماق بولۇپ تەختىنى بېھراندىن.
ئۇنىڭ پەيلىنى جۇڭگولۇق چۈشەنگەن شۇنچىلىك روشەن،
بىلەر ھۇشيار كىشى گۈل پەرقىنى ھەر چاغدا ئازغاندىن.
ئىشەنگەي كىم، يىلان ئۆز زەھرىنى تەرىپلىسە بال دەپ،
ئىشەنگەي كىم، بۆرە چاقاپ كېتىپتۇ دىسە پاخلاندىن؟
جاكا قىلغان ئىدى تارىخ: جاھانگىر پەيلىدىن يانماس!
ھەقىقەت ھېچكىمنى ھېچ چاغدا يېڭەلمەس پىتنە-يالغاندىن.
شۇ دۈشمەن گېرگە كىرمەي، ئاجرىماس پوستىن قىزىل جەڭچى،
بۇ قوللار زادى مىلتىقتىن، بۇ كۆكرەك زادى قالقاندىن.
بۇ ياۋ ئالدىدا بىخۇتلۇق، بۇ ياۋ ئالدىدا تىز پۈكمەك،
بۇ، يانغانلىق قىزىل ئانتتىن، مۇقەددەس ئەھدى پەيماندىن.
تېشى پال-پال، ئەچى غال-غال بۇ دۈشمەن كۆرسە قورقاقنى
سانايدۇ زور ئۆزىنى ئەھرەمەن*دەك دىۋە پالۋاندىن.
ئۇنىڭ مۇدھىشلىگى كۈچتىن ئەمەس، بەلكى رەزىللىكتىن،
ئۇنىڭ غالجىرلىغى — تەقدىرگە قارشى جان تالاشقاندىن.
بۇرۇنمۇ دىۋە-ئەجدەرھانى ھۇشيار، مەرت يىگىت يەڭگەن،
چۈمۈلە غەيرىتىدىن باي بولۇپ چىققان سۇلايمان**دىن.
دىڭىزنىڭ دولقۇنى كۆپ، كېمىنىڭ باردۇر خەتەر-خەۋپى،
چىقالماس زادى قىرغاقتا دىڭىزچى قورقسا بوراندىن.
تىزىلغانمىز بۇ سەپكە، ئۆلتۈرۈپ قورقۇشنى بىز باشتا،
يېنىش يوق ياۋ بالا ياغدۇرسىمۇ ئوت ياكى توپاندىن.

* ئەھرەمەن — ناۋايىنىڭ «پەرھاد ۋە شىرىن» داستانىدىكى ئەپسانىۋى دىۋە، ئۇ قانچە ھەيۋەتلىك ياۋۇز بولغىنى بىلەن ئاخىرى پەرھاددىن يېڭىلگەن ئىدى.
** رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە، جاھان پادىشاسى سۇلايمان ئۆز غەزنىسى بىلەن ناھايىتى مەغرۇرلىنىدىكەن. لېكىن ئۇ ئەمگەكچان چۈمۈلىلەر پادىشاسىنىڭ بايلىغى ئالدىدا لەت بولۇپ قالغان.

قىزىل بايراقتا سادىق بىز، ئۆلۈمدۈر بىزگە ئازغۇنلۇق،
چۆچۈپ بىمەنە پەتىۋادىن، تىڭىرقاپ ياكى بۆھتاندىن.
«سېنىڭ بەختىڭ، غۇرۇرۇڭ قايسى؟» دەپ ئوغلۇم سوئال قويساڭ،
جاۋاۋىم شۇ: شۇ بايراقتا ئەگەشتىم، كەچمىدىم ئاندىن!
بۇ سەپنىڭ تۇنجى ئەۋلادى بۇ دۇنياغا ئەمەس باقى،
بىراق بۇ سەپ ئۈزۈلمەس، مەڭگۈ ئايرىلماس شەرەپ-شاندىن.
بۇ سەپتە بىز كۆتەرگەن تۇغقا ئوغلۇم سەنمۇ بىر ھەمدا،
كۆتەر تىك سەنمۇ بۇ تۇغنى، ھەزەر قىل كۆلكە، شەيتاندىن.
ئاتا رازى، ئانا رازى ۋە تارىخ ئىپتىخار تاپقاي
بۇ تۇغنى تىك كۆتەرگەن بارچە ئەۋلات — قىز ۋە ئوغلاندىن.
ئەگەر كىمكى بۈگۈن يا ئەتە داغ سالسا بۇ بايراقتا،
ھىساپ ئالغۇسى تارىخ ئۇ يۈزى، كۆڭلى قارايغاندىن.
كۆرۈندى تاغ «كۆرۈنگەن تاغ يېقىن»، ئۇ قاچمىغاي زادى
بېلى مەھكەم، دىلى نۇرلۇق، ئۈمىتۋار بارچە مەرداندىن.
رەقىپ بۇ يولدا قازسۇن قانچە ھاڭلارنى، ھامان ئاخىر
توسالماس بۇ قىزىل سەپ ئاشىغىنى ۋەسلى جاناندىن.
بوۋايلار: «ئىت ھۈرەر، كارۋان يۈرەر» دەپ زەپمۇ ھەق ئېيتقان،
سوراڭ ئىسپات بۇڭا تارىختا ئۆتكەن بارچە كارۋاندىن.
«يازار ھەركىم ئۆزى ئۆز تارىخىنى»، بىل بۇنى ئوغلۇم،
ئۆمۈرنى مەنىسىز ئۆتكۈزگۈچى قاخشار پۇشايماندىن.
ئۈمىدىم بول قىزىل بايراقتا ئەجدادىڭ كەبى سادىق،
بالاڭغا سەنمۇ تاپشۇر شۇ پېتى، ئاشقانچە داۋاندىن.

1962 - يىل نويابىر — دېكابىر، ئۈرۈمچى

# ۋەتىنىمنى كۈيلەيمەن

ۋەتىنىم، سۆيۈملۈك ئانامسەن،
گۈزەلسەن، باتۇرسەن، داناسەن.
مەن سېنىڭ باغرىڭدىن تۆرەلدىم،
مەن دەسلەپ ھىس قىلغان دۇنياسەن.

ۋەتىنىم، بىپايان مۇھىتسەن،
قۇدرەتىڭنىڭ مىسالى دولقۇنۇڭ.
مەن ئۈچۈن مۇھىتتىن كەم ئەمەس،
مۇھىتنىڭ تامچىسى بولغىنۇم.

ۋەتىنىم، گۈزەللىك گۈلشىنى،
بەباھا ھەر چىمدىم تۇپرىقىڭ.
مەن ئۈچۈن مىڭ باغدىن ئەتىۋا
بولغىنىم بىر گىيا، ياپرىقىڭ.

ۋەتىنىم، سەن تاپقان دانالىق —
زاماننىڭ ھەقىقەت مۇنبىرى.
ئېلىڭدە مىسلىسىز پارلىدى
ماركسنىڭ، لېنىننىڭ گۆھىرى.

بوزەككە شەپقىتىڭ يۆلەنچۈك،
ياۋۇزلار باغرىغا خەنجەرسەن.

ساڭا يات تەمەننا گۈناسى،
مىننەتسىز، ئۇلۇغسەن، كەمتەرسەن.

مەردانە لەۋزىڭگە سادىقسەن،
يۈكۈڭمۇ ھەممىدىن زىيادە.
شان ـ شەرەپ سەن ئۈچۈن بەخشەندە
بۇ ساڭا تارىختىن ئىرادە.

ۋەتىنىم كۆردۈم مەن ئەتەڭنى
بۈگۈننىڭ ئەڭگۈشتەر كۆزىدە.
ئۇ ساڭا راسلانتۇ پاياندار،
تەبەسسۇم جىلۋىسى يۈزىدە.

يولۇڭنى قۇتلىغان شان ـ شەرەپ
ئەتىنىڭ ئاق كۆڭۈل ئەلچىسى.
قەدىمىڭ، تەنتەنەڭ ساداسى —
زامانەم كۈيىنىڭ ئەۋجىسى.

ۋەتىنىم، مەن سېنىڭ ئوغلۇڭمەن،
بىر ئۆمۈر شەنىڭنى كۈيلەيمەن.
ئوقۇسام شەنىڭگە باپ قوشاق،
شۇ مىنۇت مەن ئۈچۈن توي دەيمەن.

1963 - يىل يانۋار، ئۈرۈمچى

## سەيلىدە

ئايلىنىپ تيەنجىننىڭ كوچىلىرىنى،
توختىدۇق بىر باغنىڭ ئالدىغا كېلىپ.
يەكشەنبە بولغاچقا باغدەك ياسىنىپ
يۈرۈپتۇ ئاددەملەر تاماشا قىلىپ.

يولداش لى مېنىمۇ باشلىدى باققا،
سەيلىگە ئىنتىلگەن زوقۇمنى بىلىپ.
ۋە لېكىن توختىدى ئىشىك ئالدىدا
سۆزلىدى ئۆتكەننى يادىغا ئېلىپ.

«ئون تۆت يىل ئالدىدا، دوستۇم، بىز ئۈچۈن
بۇ باغنىڭ ئىشىگى ئېتىكلىك ئىدى.
‹جۇڭگولۇق ھەم ئىتلار كىرمەسۇن› دېگەن —
پەيزىسى بىر ياندا ئېسىقلىق ئىدى.

ئۇ چاغدا بۇلاڭچى ياگرېنلار* ئۈچۈن
جۇڭگولۇق ئىتتىنمۇ خار بەندە ئىدى.
بىز بىنا قىلغان شەھەرلەر، باغلار
شۇم ئاياق ئاستىدا دەپسەندە ئىدى.

* ياگرېن — ئۆتمۈشتە تيەنجىن خەلقىمۇ مۇستەملىكىچى ئەجنەبىلەرنى شۇ نام بىلەن ئاتايتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورېكتى
www.uyghurkitap.com

كېيەتتى بېشىغا بۇ باغنى ئۇلار
قولتۇقلاپ ئوينىش - خوتۇنلىرىنى.
خېنىملار كېكسىگە كۈچۈكنى تېڭىپ،
ئويناپتتى سۆيدۈرۈپ بويۇنلىرىنى.

ئۇلارنىڭ يوگەنسىز مەرتىۋىسىنى
مۇتىھەم قانۇنلار كۆتەرسە قانچە،
بىراق ئۇ بەربىر ئىشچى - دېخاننىڭ —
ۋىجدانى ئالدىدا پەس ئىدى شۇنچە.

ئەگەر كۈچۈكلەنسە كىمكى ئىت بولۇپ،
نەپ ئىزلەپ شۇملارنىڭ ئاياق ئاستىدىن.
يالىسا ئۇلارنىڭ تاپانلىرىنى،
بەلكى، جاي بېرەر بوسۇغىسىدىن.

ئادەم سۈرەتلىك ئىت بولۇش ئۈچۈن
بىر يولى ۋىجداندىن كېچىش كېرەك، بەس.
بۇ پەقەت خائىنلار ئۈچۈنلا ئاسان،
ۋە لېكىن بىز ئۈچۈن ئۆلمەكتىنمۇ تەس.

قىلىچلار كەسسىمۇ باشلىرىمىزنى،
كىشەنلەر بوغسىمۇ ھوقۇقىمىزنى.
ۋە لېكىن نومۇستىن ئايرىيالمىدى
ۋەتەنگە سادىق ۋۇجۇدىمىزنى.

شۇ نومۇس ئىدى بىزنىڭ كۈچىمىز،
ساقلىدۇق بىز ئۇنى يۈرەك قېنىدا.

ئۇ بىزگە ئوتتۇزدى قىساس تىغىنى،
تاۋلىدۇق بىز ئۇنى غەزەپ ئوتىدا.

كۆكچەندەك باش ئالغان كۆرەش يالقۇنى
ئۆرتىدى زۇلۇمنىڭ تاجۇ-تەختىنى.
جۇڭگوغا جۇڭگولۇق بولدى خوجايىن،
جاپاكەش يوقسۇللار تاپتى بەختىنى...»

*

رەھمەت يولداش لى،
سىنىڭ سۆزۈڭدىن
سەيلىدىن قايتتىم مەن چېك لەززەت بىلەن.
يېزىش كېرەك ئەمدى باغنىڭ ئالدىغا
ئاشۇ سۆزلىرىڭنى ئۆچمەس خەت بىلەن.

1963 - يىل 20 - ئىيۇل، تيەنجىن

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

## تۈمەنجىياڭ بويىدا

قورغاس بويىدىن تۈمەنجىياڭغىچە
تالاي دەريا، تاغلارنى كەزدىم.
ھەر مەنزىلنىڭ مۇھەببىتىنى
ھۇزۇرلىنىپ قەلبىمگە يازدىم.

مەن تۇرپاندا ئۈزۈمچى بولدۇم،
ھەم بېيجىڭدا كىتاب ئوقۇدۇم.
شىجياجۇاڭدا «بارىكاللا» توۋلاپ،
تۈمەنجىياڭدا قوشاق توقۇدۇم.

بۇندىمۇ ئالدىم قەلبىمگە ھوزۇر
بەختى كۈلگەن قېرىنداشلىرىمدىن.
يېڭى مېۋىدىن چىققان شارابنى
ئايلاندۇرۇپ ئىچتىم بېشىمدىن.

قىزلارنى مەن «ئاباجى»* دېدىم،
«ئوپپا»** دېدى قىزچاقلار مېنى.
تۆكتى ئايىماي مېھىر-مۇھەببەت
قۇچۇپ مېھرىۋان قۇچاقلار مېنى.

* ئاباجى — چاۋشيەنچە «ئاتا» دېگەن سۆز.
** ئوپپا — چاۋشيەنچە «ئاكا» دېگەن سۆز.

تۆمىنجىياڭ بويىدا مەشرەپ ئوينىدۇق،
سايىمىز چۈشتى دەريا سۈيىگە.
قىزىپ كەتتى ئۇسۇلىمىز شۇنچە،
تەڭكەش بولۇپ گۈلدۈرۈك كۆيىگە.

جانلار سۆيۈندى نەغمە پەيزىدىن
كۆڭۈل جامى شەرۋەتكە تولدى.
گويا تۆمىنجىياڭ تارىم شاۋقۇنى
چاڭجياڭغا جۆر بولۇپ، ناخشىغا چۈشتى.

شۇ ئىناقلىق مېھىر - مۇھەببەت
ھاياتىمىزنىڭ كۈچى، لەززىتى.
بىزگە مەڭگۈ بەخش ئەتتى ئۇنى
گۇڭچەنداڭنىڭ ئۇلۇغ خىسلىتى.

شۇڭا دەيمىز ئىپتىخار بىلەن:
ياشا گۇڭچەنداڭ!
ئارى - ئارى - راڭ،
سورى - سورى - راڭ *.

1963 - يىل ئاۋغۇست، يەنبيەن

---

* «ئارى - ئارى - راڭ، سورى- سورى - راڭ» — چاۋشيەن خەلق ناخشىلىرىدا مۇزىكىلىق نەقرات. ئۇ ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرىدىكى «ئايەي»، «يار-يار»، «ھاي ھاي يولەن»گە ئوخشاش زوق - سۆيۈنچنى ئىپادىلەيدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر يىغىلىش ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# خوجى

(بېلىقچىنىڭ ناخشىسى)

كىچىكىمدە باشقىلاردىن تىڭشىغان،
تىڭشاپ تۇرۇپ ئېغىزىمنى تامشىغان.
«جىڭپوخودا بېلىقنىڭ بار بىر خىلى،
‹خوجى› ئاتلىق، بېلىقلارنىڭ سەرخىلى
بىرەر قېتىم ئۆتسە گۆشى گېلىدىن،
تەمى ئۇنىڭ كەتمەس زادى تىلىدىن.»

*

كىچىك ئىدىم، ئىچىمگە بىر ئوت كىردى،
بىر ھالاۋەت كۆرەي، دېگەن زوق كىردى.
بار ۋەسلىمنى داڭغا قويۇپ تور ئالدىم،
خوجى ئىزلەپ جىڭپوخوغا يول سالدىم.
بېلىق تۇتتۇم ئەللىك يىل ئۆز قولۇمدا
تالاي خوجى كېلىپ چۈشتى تورۇمغا.
خوجى ئۈچۈن تۆكۈلدى كۆپ ئەمگىكىم،
بىراق قۇرۇق ئارمان بولدى يېمىگىم.
يېيەلمىدىم باغۋەن بولۇپ مېۋىدىن،
سۇ ئىچمىدىم ئەزىم دەريا لېۋىدىن.

چۈشكەن ھامان خوجى مېنىڭ تورۇمغا،
دوغا - يايى توساق قۇرۇپ يولۇمغا،
پادىشانىڭ ئەمرى بىلەن جار سېلىپ،
تورۇمغىمۇ، ئەركىمگىمۇ تور سېلىپ،
سان - ساناقسىز خوجى ئۈچۈن بىر پۇللۇق —
ھەق تۆلىمەي ئېلىپ كەتتى ئۇدۇللۇق.
چۈنكى شۇنداق پەرمان بارمىش ئەزەلدىن:
«پۇقرا بولساڭ، بىر گۇنادىن ھەزەر قىل.
خوجى تۇتساڭ، شاھ - بەگلەرگە سوغا قىل،
يەيمەن دىگەن نىيىتىڭگە، توۋا قىل.
ئۆلتۈپ كەتسە ئەگەر خوجى گېلىڭدىن،
ئاز دىگەندە ئايرىلىسەن تىلىڭدىن.»

*

قورقىنىمدىن ئاشۇ يوغان پەرماندىن،
كەچتىم خوجى يىسەم دىگەن ئارماندىن.
كەچىگىمدە ئاڭلىغاننىڭ ھەممىسى
باشقا گەپكەن، باشقىچىكەن مەنىسى.
شۇڭا بەزلەپ تۇتۇپ كەلدىم گېلىمنى،
شۇنىڭ ئۈچۈن ساقلاپ قالدىم تىلىمنى.

*

چاڭبەيشەندە سۇبھى يورۇپ — تاڭ ئاتتى
ئالتۇن قۇياش نۇرلىرىنى ياماراتتى.
ئەمگىكىم ھەم ئەركىم تۇردىن قۇتۇلدى،

بەختىم مېنىڭ قانۇن بولۇپ پۈتۈلدى.
زالىملارنى تەختى بىلەن ئاغدۇرۇپ،
ھېساپ ئالدۇق لەنەت ئوقى ياغدۇرۇپ.
ھېساپ ئالدۇق خۇجى يەگەن گېلىدىن،
شۇم پەرمانىنى چاكالىغان تىلىدىن.

مەن يوقسۇلغا كۈلدى بۈگۈن زامانە،
خوجايىنمەن، ئۆمرۈم خۇددى شاھانە.
كۆللەر ماڭا خۇجى يەمسەن، مە، دىدى،
دەۋرىم مېنى خالىغانچە يە، دىدى.
ئەسلەپ ھازىر مەرتىۋەمنى، تەختىمنى،
سېلىشتۇرۇپ شاھلىق بىلەن بەختىمنى،
ھاياجاندىن خۇجى ئۆتمەي گېلىمدىن،
ناخشا - قوشاق كۆي تۆكۈلدى تىلىمدىن.

1963 - يىل ئاۋغۇست - سىنتەبىر،
جىڭپۇخو — بېيجىڭ

# مېيخۇا گۈلىگە مەدھىيە

كەتسىمۇ ياز، ئاق چاپانلىق، ئاق ساقاللىق قىش كېلىپ،
خۇش پۇراق مېيخۇا ئېچىلدى باغ ئارا نۆۋەت ئېلىپ.
ئۆتتۈنۈپ ئىللىق پەسىلنى باشقا گۈللەر پەيزىگە،
قەھرىتاننى تاللىدى ئۇ ئۆزىگە باھار بىلىپ.
يات ئۇنىڭغا جۇت - شىۋىرغان شىددىتىدىن شۈمشىيىش،
يات ئۇنىڭغا غادىيىش ئۆز بەھرىنى مىننەت قىلىپ.
گۈلباھارنى ئەسلىتىپ مېيخۇا ئېچىلدى رەڭمۇ - رەڭ،
گۈل خۇمار دىلغا باھارنىڭ ئىشقىدىن بىر ئوت سېلىپ.

1964 - يىل 17 - فېۋرال، خاڭجۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# يولخۇاتەيگە* زىيارەت

قىلدىم بۈگۈن كۆڭۈل ئارا يولخۇاتەينى زىيارەت،
تىترەر تېنىم ۋە لېكىن قەلبىمدە مىڭ ھارارەت.
ئۆچتى خىيال كەپتەرىم ئۇنىڭەش يەلىنىڭ ئالدىغا،
چۆكۈپ چوڭقۇر سۈكۈتكە، كۆردۈم گويا كارامەت.
كۆردۈم ئۆلۈم ئالدىدا تۈمەنلىگەن باتۇرنى،
ئەتراپىدا جاللاتلار قۇرغان مۇدھىش ئاسارەت.
جاللات دەيدۇ باتۇرغا: «گۇنايىڭنى بىلەمسەن،
قىلماقچىمىز بىز سېنى ئىستىغپارغا دالالەت.»
باتۇر دەيدۇ: « تۇرغاندا جىمى گۇنا ئۆزەڭدە،
قاپ كۆتەرمەك باشقىغا ... نېمە دېگەن قاباھەت.»
جاللات دەيدۇ باتۇرغا: «كۆزۈڭنى ئاچ، نەدە سەن،
ئالدىڭدا پىل تۇرۇپتۇ، تاكاللاشما كاساپەت.»
باتۇر دەيدۇ: «جۆيلۈمە، ئالدىمدا سەن گوياكى
گىژىلدىغان چىۋىنسەن، چىرىلدىغان ھاشارەت.»
جاللات دەيدۇ: «نىمىشقا مۇنچىۋالا جېنىڭ چوڭ؟»
باتۇر دەيدۇ: «پۈتۈلگەن ۋۇجۇدۇمغا جاسارەت.»
جاللات دەيدۇ: «ھەي جاھىل، بۇنى ساڭا كىم بەردى؟»
باتۇر دەيدۇ: «خەلقىمگە، ئىنقىلاپقا ساداقەت.»
جاللات دەيدۇ: «ئىنقىلاپ سېنىڭ ئوقەت - كەسپىڭمۇ،

---

* يولخۇاتەي— ئازاتلىقتىن بۇرۇن گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ئەنجىندىكى ئەڭ مۇدھىش جازا لاگېرى ئىدى. ھازىر بۇ جاي ئىنقىلاۋىي قۇربانلار قەۋرىستانى،

ھىساۋىڭچە قانچىلىك كەلگەي ساڭا تاپاۋەت؟»
باتۇر دەيدۇ: «ئىنقىلاپ ۋىجدان ئىشى، سودا ئەمەس،
قىلماق ئۆلۈم بىز ئۈچۈن ۋىجدان سېتىپ تىجارەت.»
جاللات دەيدۇ: «دۇنيادا مەقسەت نىمە سەن ئۈچۈن،
ئىزلىمەسەن ھىچ پايدا، كۆزلىمەسەن ھىچ راھەت؟»
باتۇر دەيدۇ: «مەقسەت شۇ: ئەمگەكچىنى قۇل قىلغان —
كونا چىرىك دۇنياغا سالماقچىمىز ھالاكەت.
مېنىڭ راھەت، پايدامنىڭ ھىساۋىغا سان يەتمەس،
ئاچقان چاغدا كەڭ قۇچاق ئەمگەكچىگە سائادەت.»
جاللات دەيدۇ: «بەيرىنىڭ بارسا كەلمەس يول ئىكەن،
بۇنداق راھەت - پايدىغا كىم بەرمەكچى ئىجازەت؟»
باتۇر دەيدۇ: «ئىنقىلاپ ئەمەس تەلەپ، ئىلتىماس،
ئەمەس ياكى ئىبادەت، تىلەيدىغان ئىجابەت.
قورققان كىشى زەھەردىن ئالالامدۇ بال - ھەسەل،
كەتمەن چاپماي ھىچقاچان ھوسۇل بەرمەس زىرائەت.
ئۇرۇق چاچتۇق بىز ئەۋلات ئىنقىلاپتىن مەيدانغا،
بىزلەر ئۆلسەك، پەرۋەرىش ئەۋلاتلارغا ئامانەت.
خاھ كۆرمەيلى كۆرمەيلى، ھوسۇل پەيتى خامانىنى،
روھىمىزنى كۆلدۈرەر شۇ چاغدىكى دارامەت.»
جاللات دەيدۇ: «سۆزلىرىڭ شۇنچە يىراق ئەقىلدىن،
ئاڭلىغاندەك بولدۇم مەن ئەپسانىۋى رىۋايەت.»
باتۇر دەيدۇ: «راست دەيسەن، بۇ سۆزۈمنىڭ تەكتىگە
چۈشەنمەيدۇ ئەقلىگە نەپسى مىڭگەن ھاماقەت.»
جاللات دەيدۇ تىپچەكلەپ: «زەھەر ئىكەن سۆزلىرىڭ،
ياخشىلىقچە تىز پۈكۈپ تىلىسەڭچۇ ئادالەت.»
باتۇر دەيدۇ: «ئادالەت بولسا ئەگەر سەنلەردە

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com

مۇشت كۆتەرمەك سەنلەرگە بىزنەر ئۈچۈن نەھاجەت!»
جاللات دەيدۇ: «پۈتكەنمىز ئادالەتنى قانۇنغا،
دەستۇر بىزگە ھەرقاچان ئەدەپ، ئىنساپ، دىيانەت...»
باتۇر دەيدۇ: «داغلىما رەزىل نەيرەڭنامىنى،
ھەر قۇرنىڭ ئاستىغا مۈككەن مۇدھىش خىيانەت.
سەن داغلىغان ئادالەت بەردى شۇنداق نەسىھەت،
جاللاتلارغا پاراغەت، گۇناسىزغا تالاپەت.
بىز ئاتلانغان مەيدانغا تاشلاپ قۇرۇق خىيالنى،
ياماۋۇزدىن ئىنسانغا كەلمەيدۇ دەپ راپاۋەت.
بەختىمىزنى كۆردۇق بىز ھايات - مامات جېڭىدىن،
دۇنيا بىزگە مەدەتكار، تارىخ بىزگە كاپالەت.»
جاللات دەيدۇ: «بۇ سۆزۈڭ قىچقىرىشتۇ ئۆلۈمنى،
باشقا سۆز قىل، بىر جېنىم قالسۇن دىسەڭ سالامەت.»
باتۇر دەيدۇ: «ئويلامسەن سەن ئۆزەڭدە جان بار دەپ،
جان بەرسەڭ، دەپ مۈردىدىن كىم كۆتۈپتۇ ساخاۋەت؟»
ئاغزى كۆيۈپ جاللاتنىڭ، ئىشتا سالدى كالتەكنى —
«دالالەت» تىن نەپ چىقماي، تىغ كۆتەردى جاھالەت.
جاللات ئۇلىپ قىيناقتا دەيدۇ: «قىلدىڭ ئۆزەڭگە،
ۋىدالاشماق پەيتىڭدۇر ھاياتىڭدىن شۇ سائەت.»
باتۇر دەيدۇ: «مەن ئۆلسەم كۈلۈپ تۇرۇپ ئۆلىمەن،
قان يىغلاتقاي سەنلەرنى زىممەڭدىكى جىنايەت.
مەن ئۆلمەن زۇلۇمدىن، تىرىلىمەن شەرەپتىن،
سەن ئۆلسەن گۇنادىن، كۆمۈلسەن نىجاسەت.
سەنلەر بۈگۈن سەكراتتا، ئۈمىدىڭ يوق ئەتىدىن،
ھەر بىر رەزىل قىلمىشىڭ شۇ مەنىدىن ئىبارەت.
بىزلەر ئۆلسەك بىرىمىز، تىرىلىمىز مىڭىمىز،
قىزىل بايراق ۋەتەندە لەپىلدەيدۇ داۋامەت.

تۆن پەردىسى يىرتىلدى، ئەنە چولپان، ئەنە تاڭ،
بەردى يەنئەن خىتاۋى نۇر ـ ئاپتاپتىن بىشارەت.
سالام قىزىل بايراقلىق، مىلتىق تۇتقان قىزىل سەپ،
سالام قىزىل غەلىبە، يۈكسەل، تاپقىن كامالەت.
سالام ساڭا، ئۆزىنى بېغىشلىغان ھۆل تاشتىن،
قوبۇل قىل، ئەي ئەتىكى يۈكسەك قىزىل ئىمارەت!...»
زۇلمەت تىغى سانچىلىپ، ئۆلۈم يۈتتى باتۇرنى
ئۇ كۆرەلىدى ناخشا ئېيتىپ، قىلماي ھېچبىر نادامەت.
ئۇنىڭ ياڭراق ناخشىسى زىندانلارنى تىترىتىپ،
ئۇلۇغ بوران مارشىغا تەڭكەش بولدى ئالامەت...
چىقىپ بوران جۇڭشەندە يەر ـ زېمىننى سىلكىدى،
جاڭنەندىمۇ ئېچىلدى يېڭى سەھنە، قىياپەت.
باھار بىلەن گۈل بولدى يۇخۇاتەيدە تاغۇ ـ تاش،
بۇ، قۇربانلار قېنىدىن گۈل ئۈنگەنگە ئىشارەت.
تارىخ دەڭلار بۇ گۈلنى، ھەر بەرگى بىر ۋاراقتۇر،
سۆزلەيدۇ ئۇ دەۋرىمىنىڭ باش بابىدىن ھىكايەت.
بىز چۈشەندۇق قىزىل گۈل قىزىل قاننىڭ ھوسۇلى،
قۇربانلارنىڭ ئەجرىدۇر بىزنى قۇچقان پاراغەت.
تارىخ بەرگەن ساۋاقلار بىزنىڭ ئەقىل غەزنىمىز،
قوشكېزەكتەك مەۋجۇتكەن جاپا بىلەن ھالاۋەت.
ئۇنتۇمايمىز تارىخنى، چۈشەنگەنچە تارىخنى،
ۋۇجۇدىمىز تولپلايدۇ يېڭى كۈچ ھەم پاراسەت.
كۈچىمىزنىڭ يىلتىزى خەلقىمىزگە مۇھەببەت،
ئەقلىمىزنىڭ مېغىزى قىزىل تۇغقا ساداقەت.
ھە، شۇڭلاشقا بىزلەرنى قورقۇتالماس ھېچ ھەيۋە،
ئېزىتەلمەس ھېچقاچان ھېچبىر ھىلە، خوشامەت...

1964 ـ يىل فېۋرال ـ مارت، نەنجىڭ ـ بېيجىڭ

# سىر دېگەن مۇتلەق ئەمەس

سىر دېگەن مۇتلەق ئەمەس، بولغۇسى مەلۇم ئاقىۋەت.
ھەممىلەر چۈمپەردىدىن بولغۇسى مەھرۇم ئاقىۋەت.
شۇم نىيەتلەر ياماشار بىر تال پاخالغا كېچە دەپ،
بەردىبىر سۇغا چۆكۈپ، بولغاي بۇرۇقتۇم ئاقىۋەت.
ھەممىدىن قانات ياساپ، ئاسمانغا چىققان نەدە بار،
چىقسا، تىك موللاق ئېتىپ، جەزمەن بولۇر گۇم ئاقىۋەت.

1972 - يىل، ئۆكتەبىر

## ئاتىنىڭ نەسىھىتى

سايلىشىپتۇ خەلق سېنى كادىر قىلىپ،
ئۇنتۇما، ئەمگەكچىنىڭ ئوغلانى سەن.
سەن خەلقنىڭ بول هامان سۆيۈرگىسى،
هەزىدىم قىل بۇ سۆزدىكى مەنانى سەن.
سۆيۈرۈپ ئەخلەتنى، خۇش قىل ئاممىنى،
تۆر تالاشما، قىل ئورۇن پەگانى سەن.

1976 - يىل ماي، ئۈرۈمچى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# زەپمۇ چىرايلىق كەلدى باھار

ئۆچتى شەرقتىن تاڭ شامىلى،
ۋادىنى بويلاپ چاچتى ئىپار.
نەغمىچى قۇشلار چالدى مۇقام،
زەپمۇ چىرايلىق كەلدى باھار.

نۇرغا چۆمۈلگەن گۈلشەن ئارا
ئېچىلۋاتقان گۈلگە قارا،
بىر بىرىدىن ئۆز، قىلدى جۇلا،
زەپمۇ چىرايلىق كەلدى باھار.

رەزگى زىيانداشلار يۇلۇنۇپ،
كەتتى جىمى يەر جۇشقۇنلۇنۇپ،
باردۇ ئەمدى ئىش ئوڭلۇنۇپ،
زەپمۇ چىرايلىق كەلدى باھار.

ئەمدى كارامەت يىل بولىدۇ،
خەلقىمىز ئىشنى گۈل قىلىدۇ،
جەزمەن ھوسۇلمۇ مول بولىدۇ،
زەپمۇ چىرايلىق كەلدى باھار.

1977 - يىل ماي، ئۈرۈمچى

## سەنئەت باھارى

باھار كەلدى.
گۈلباھار كەلدى،
ۋەتەن قوينى ئىپارغا چۆمدى.
بۇلبۇللار ناخشا ئېيتىپ،
غۇنچىلار كۈلدى.
بايراق ئورىنى قىلماقتا جەۋلان
قىزىل دولقۇنلۇق ئېگىزدەك خۇددى.

پەيزى قوشتى باھار پەيزىگە
ۋەتىنىمىزنىڭ سەنئەت باھارى —
سەنئەت بايرىمى.
باغلار ھۆسنىدە قۇياشنىڭ ئەكسى،
ئېچىلغۇسى ھەممە گۈل تەكشى.
شۇڭا ئىشەنچلىك كۈلگىلى تۇردى
كۆرمەنگلىغان سەنئەت خادىمى.

ئەسلىسەك،
بىزنىڭ سەنئەت بېغىمىز
يولۇقۇپتۇ تالاي جۇدۇنغا —
ئورناشقاندەك بۇ باغ گوياكى
شامال ئاغزىغا،

ئەنسىز ئورۇنغا.
ھىلىمۇ شۇنچە چىداپ كەپتىمىز
بېشىمىزدا ئوينىلىپ كەلگەن
تەسەۋۋۇرغا سىغدۇرۇش قىيىن
ھاقارەتلىك، مۇدھىش ئويۇنغا.

ئىشنى بۇزغان بىر ئوچۇم مەلئۇن
تەتۈر بۇراپ كېمە رولىنى.
بىر مەھەل گويا
«قىلدىن ئىنچىك، قىلىچتىن ئىتتىك»
قىلمۋەتتى سەنئەت يولىنى.
سۈرەتچىنىڭ كۆزىنى ئويۇپ،
يازغۇچىنىڭ ئۈزدى قولىنى.
ئۇسۇلچىنىڭ پۇتىنى چېقىپ،
ناخشىچىنىڭ بوغدى گېلىنى.
سەنئەت بېغىنى قىلدى ۋەيرانە
خالىغانچە قىرقىپ گۈلىنى.

بىر ئوچۇملار — تەكتى بۇزۇقلار
توغۇلغان ئىكەن ئىش بۇزۇشقىلا.
بىلمەيدۇ بىر ئايۋان قۇرۇشنى،
بىراق ماھىر ئورا كولاشقا،
ئۇلار مانا شۇنداق ئۇستىلار.
ناخشىغا ئەمەس،
يارالغان بەلكى
ھە دىسە ھۆرپىيىپ چالۋاقاشقىلا.
راست ئادەمنى «بۆجى» دەپ قوغلاپ
نىملەر قىلمىدى بۇ ئالۋاستىلار؟...

*

مەرھەبا، ئەي سەنئەت باھارى،
سەن بىزنى قۇتقۇزدۇڭ ئاپەت دەستىدىن.
«ئۇھ!» دىدۇق ئەمدى، غەلبە قازىنىپ
ئەڭ خەتەرلىك جىنلار ئۇستىدىن.
ئېلىپ سەندىن ئىللىق نۇر، ھاۋا،
تېپىپ سۇلغۇن دەردىگە دەۋا
گۈللەنمەكتە سەنئەت باشقىدىن.

ئەنە، شۇ تاپتا
ماۋجۇشى كۆز ئالدىدا كەلدى.
ئۇ كۆرۈپ يېڭى تەنتەنىمىزنى
بىر چاغدىكىدەك زوقلىنىپ كۈلدى.
ئەنە،
قەدىردان جۇزۇڭلى يۇرتىيەنگە كېلىپ،
دىمەكتە يەنە:
يېڭى مۇقامنى
قورقماي، دادىل ئېتىڭلار ئەمدى.
ئەنە،
بىر ياندىن ئېچىلىپ–يايراپ،
سېپىمىزگە ياغدۇردى ئالقىش
مۇنبەر ئۇستىدە لۇشۇن ئەپەندى...

سادىغاڭ كېتەي سەنئەت باھارى،
مەپتۇن مەن ساڭا،

www.uyghurkitap.com

مەپتۇن شۇنچە مەن.
تېيانشان باغرىدا — سەنئەت بېغىدا
قىلماقتا جەۋلان يېڭى گۈل - چېمەن.
مەنمۇ شۇ باغدا — باھار قوينىدا
ئېچىلىۋاتقان يېڭى غۇنچەمەن.
ئېلىمنىڭ لەكمىدەك شائىرلىرىنى
دېڭىز دېسەڭلار،
مەن بىر تامچەمەن.
مېنى بىر مىسرا شېئىر دېسەڭلار،
بۇزغۇنچىلارنىڭ رەزىل ئەپتىگە
تارسىلداپ تېگىدىغان تارمۇش قامچىمەن.

ئەي سەنئەت باھارى،
سېنىڭ ھاياتبەخش ئىللىق نۇرۇڭدا
سەنئەت بېغى — سەنئەت يايلىغى،
ئېلىمنىڭ گۈزەل روھىي بايلىغى
بەرمەكتە يېڭى شىرىن مېۋىلەر،
شۇنداق ياخشى ئۈنۈمدارلىغى.
ھاياتىمىزنى تېخىمۇ بېزەش
بىزنىڭ جانىجان كۈرەش بۇرچىمىز،
بۇ بىزگە تارىخنىڭ ئەزگۈ بۇيرۇغى.
بىز باھارنىڭ قەدرىنى بىلسەك،
سەنئەت بېغىمىز ياشنار شۇ قەدەر:
گۈلى ھەققىدە سۆزلەيدۇ قويماي،
ئالتۇندىن ئىسىل ھەتتا ياپرىغى.

1977 - يىل ماي، ئۈرۈمچى

## جاۋاپ چاۋاك

ئېلانچى قىز پەردىنى قايرىپ،
جاكالىدى يېڭى ئېلاننى:
«پىشقەدەم ناخشىچى ... بۈگۈن
ئېيتىپ بېرىدۇ ‹ئازات زامان› نى.»

شۇ ئارىدا سېمىز بىر ئەرباپ
كوتۇلدىدى ئۆرلەپ جۇدۇنى:
«بۇ داشقال يەنە ئېيتامدۇ ناخشا،
كىم چىقاردى سەھنىگە ئۇنى؟»

«كىم چىقاردى؟ ...» دېگەن بىلەن تەڭ،
زال ئىچىدە چاۋاك ياڭرىدى.
راسا ئەرۋايى ئۇچقان ئەرباپنىڭ
سوئالىغا جاۋاپ ياڭرىدى.

ئولتۇرالماي قوزغالدى ئەرباپ،
سېزىپ ئۆزىنى ئازاپ ئىچىدە.
چىقىپ كەتتى كوتۇلدىغانچە،
ئىشىكنى تېپىپ غەزەپ كۆچىدە.

ئەلپازىنى قاراڭلار ئۇنىڭ،
قانچىلىك نىمە،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

زادى كىم ئۆزى؟
قانچىلارنى ئۈسۈپ يىقىتتى،
نىمانداق قالتىس ئۇنىڭ مۈڭگۈزى؟

ئۇ سۆيۈنۈپ سۆزلىگەن ئەمەس
باشقىلارنىڭ تۆھپە – ئەجرىنى.
ئۆزگىگە رەھمەتنى كۆرمىگەن راۋا،
قىزغىنىپ كەلگەن قوياش مېھرىنى.

ئۇ قانداقچە قەھرىمان بولغان؟
راستىن ئېيتقاندا، ئادەم قاخشىتىپ.
يىغا بار يەردە كۈلەيدۇ ئۇ،
ئازاپلىنىدۇ قويساڭ ناخشا ئېيتىپ.

خەلقنىڭ رايى – سەنئەت باھارى
قىلىنىۋاتقاندا بۈگۈن تەنتەنە،
پېتىدىن چۈشەپتۇ بۇ ئەرباپ تېخى،
يا يېڭلەنچۈكى بارمىدۇ يەنە؟

كىمكى خەلقنى سازايى قىلسا
بولىدۇ ئاخىر ئۆزى سازايى.
ئەمەلدار دىگەن ئەۋلىيا ئەمەس،
ھەممىدىن ئۈستۈن خەلقنىڭ رايى.

خەلق چاۋاك چالماقتا بۈگۈن
سەنئەت بۇلبۇلى بولدى دەپ ئازات.

ئەمدى كالتەك كەلمەيدۇ كارغا،
قالپاقچىنىڭ بازىرى كاسات.

خەلقنىڭ چاۋىگى — خەلق جاۋاۋى،
خەلقنىڭ رايى، خەلق ئىستىكى.
ھەقىقەت كارۋىنى ماڭىدۇ ئالغا،
توسالماس يولىنى تۆھمەت پىستىكى.

1978 - يىل دېكابىر، غۇلجا

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى
www.uyghurkitap.com

## ئۇنتۇلماس مىنۇتلار

ئەسلەيمەن ھەر قاچان شۇ يىل، شۇ ئاينى —
يىگىرمە ئىككى يىلدىن بۇرۇنقى
باھار پەسلىنى؛
شۇنداق مەغرۇر نەپەس ئالغان،
قاناتلاندۇرار بۇ نەپەس مېنى.
يايراپ كېتىدۇ كۆڭلۈم بۆلەكچە،
مايسىلار تاپقاندەك باھار ۋەسلىنى.

ئاشۇ باھاردا
پايتەختتە، كەچتە
شېئىر ئوقۇدۇم مۇنبەردە تۇرۇپ.
ھاياجان ئىلكىگە تاپشۇردى مېنى
مىڭلاپ ئادەم چاۋاك ياغدۇرۇپ.
بىر چاغدا ئۆزەمنى ئۇنتۇپلا قالدىم
ئاڭلىغۇچىلار توپى ئىچىدە
قارا قاشلىق، جىلۋىدار كۆزلۈك،
ئاجايىپ بىر ئىللىق چىرايىنى كۆرۈپ.
شۇ ئىللىق چىراي
شېئىرغا مەپتۇن ئاددى جەڭچىدەك
كۈلۈپ تۇراتتى چاۋاكلار ئۇرۇپ.

ئۇنىڭ ئالقىشى،
كۆللۈمسىرىشى
ئەۋجىگە چىقاردى سۆرۈپ پەيزىنى،
شېئىر ئۈستىگە شېئىر قوندۇرۇپ.

ئۇ كىم ئىدى دېگەن سوئالغا
شۇنداق مەغرۇر جاۋاپ بېرىمەن:
ئانا ۋەتەننىڭ ئەقىللىق ئوغلى —
قەدىردانىمىز جۇئېنلەي زۇڭلى.
ئۇنىڭ ئۆمرى ئەل بىلەن ھەمدەم،
ئۇنىڭ كۆڭلى — خەلقنىڭ كۆڭلى.

بىركەمدىن كېيىن،
يولداش گوشياۋچۇەن ئالدىمغا كېلىپ،
«سېنى زۇڭلى چىللايدۇ» دېدى...
زۇڭلىنى كۆردۇم بىر ئۆيگە كىرىپ،
مەن ئۈچۈن بۇ خۇددى توي ئىدى.
سىلجىدى ئۇ ماڭا قولىنى كېرىپ،
ئىپتىخار بىلەن تۇتۇپ شۇ قولنى
يۈرىكىم تېخىمۇ ئۇرغۇپ ئوينىدى.

ئاھ، ئۇنىڭ قولى نەقەدەر ئىللىق،
تەبەسسۇمى ئاندىن يېقىملىق.
ۋۇجۇدىدىن چاقناپ تۇراتتى
ئۇلۇغلۇقتا خاس كىچىك پېئىللىق.
بىراق، بىئارام قىلاتتى مېنى

مۇشۇنداق قىممەتلىك دىدار ۋەسلىگە
قانچىلىك لايىق مەن دىگەن خىجىللىق.

ئۇ قەدىردان،
ئاتىلىق مېھرىنى ياغدۇرۇپ ماڭا،
بىر ياقتىن سۆزلىدى.
بىر ياقتىن تىڭشاپ.
«ھە، ئىلىدىن؟ قورغاسلىقمۇ سەن؟
شېئىر يازدىسەن قاچاندىن باشلاپ؟...
كۆيلەگىلەر ئۇلۇغ ئىتتىپاقلىقنى،
كۆيلەگىلەر ئۇلۇغ سوتسىيالىزىمنى،
تىيانشان باغرىنىڭ قىزىل سەنئىتى
گۈللەنسۇن ياشناپ!...»

ئۆتتى ئاردا بىرنەچچە مىنۇت
قىممەتلىك، تەڭ گويا گۆھەرگە.
بەرگەچكە ئىلھام شۇ قەدەر قىممەت،
شۇندا ئېيتالاپ ئۇقۇدۇم رەھمەت
ئۇلۇغ رەھبەرگە،
ئۇلۇغ پەدەرگە...

ئەسلىسەم ئاشۇ باھار پەسلىنى،
ئەسلەيمەن ئاشۇ خوشال مىنۇتنى.
قەدىردان زۇڭلى
مىنۇتلاپ ئەمەس،
ئۆمۈر بويى قىلدى پەرۋەرىش

تالاي مايسىنى،
تالاي كۆچەتنى.
ئۇ قەدىردان
ئەسلىگەندە كېيىنچە مېنى —
بىر چاغلاردىكى «داڭگال» يىگىتنى.
بەلكى دىگەندۇ:
قانچىلىك ئادا قىلالىغاندۇ
ئۈستىگە ئالغان مەسئۇلىيەتنى...
قەدىردان زۇڭلى،
كەچۈرۈڭ مېنى،
مەن ئانچە ياخشى ئاقلىيالمىدىم
سىز كۈتكەن ئاشۇ ئارزۇ - ئۈمىتنى.

بىراق، بۈگۈن كەلگەندە باھار
ئارىمىزدا يوق
سىز دانىشمەن ئاتىمىز ئەمدى.
سىزنى كۆرۈپ قۇۋانغان كۆزدىن
قايغۇلۇق ياش تۆكىمىز ئەمدى...

قەدىردان زۇڭلى،
ئەسلەيمەن چوڭقۇر مۇھەببەت بىلەن
سېغىنىپ ئۇللىق دىدارىڭىزنى.
يۈرىكىم غەزەپتىن بولىدۇ خەنجەر،
ئەسلىسەم تارتقان دىشۋارىڭىزنى.
«تۆت زىياندىش» ئالۋاستى ئاپەت
ئەجەپمۇ ئاياق - ئاستى قىلدىغۇ
ئۇلۇغ ئەجرىڭىزنى — گۈلزارىڭىزنى.

يول قويمىدى كۆيلەشكە زادى
«تېۋىتلەشتۈرۈش» شوئارىمىزنى.
نىمە دىگەن نائەھلى ئۇلار،
يەر بەرمىدى ئالقانچىلىك بۇ
تەكلەش ئۈچۈن مۇنارىمىزنى.

ئاھ، ئۇ ئىشلارنى ئويلاشمۇ ئازاپ،
چوغ بولۇپ يانىمەن ئويلىغانسېرى.
ئەزلاتلارنىمۇ سەسكەندۈردى
تارىخنىڭ بۇ خۇنۇك بەتلىرى.
بىراق، كۆڭلىمىز سەھىپىسىدە
ئىپتىخارلىق داستانى بولۇپ،
چاقنايدۇ مەڭگۈ
جۇ زۇڭلىنىڭ پارلاق تەسۋىرى.

دولقۇنلار ئۈزۈلمەس قىلىچ چاپقانغا،
ھەقىقەت قارايماس تۇمان قونغانغا.
ئۆزىنىڭ يۈزىنى بۇلغايدۇ چوقۇم،
كىمكى تۈكۈرسە قاراپ ئاسمانغا.
پەلەك چاقنى سالدى ئىزىغا
تارىخنىڭ ھەقىقى قەدىردانلىرى
يېڭىۋاشتىن چىقىپ مەيدانغا.

قەدىردان زۇڭلى،
باھار كېلىپ ئەسلەتتى يەنە
سېغىندۇرۇپ تېخىمۇ سىزنى.

ئوخشىتىمەن باھار گۈلىگە
سىزدىن ئاڭلىغان دۇردانە سۆزنى.
مېھرىڭىزدەك ئىلھامبەخش باھار
ۋۇجۇدۇمغا بەردى يېڭى كۈچ
ئاقلاش ئۈچۈن ئۈمىدىڭىزنى.
روھىڭىز ئالدىدا قەسەم بېرىمەن:
ناخشامنى ھەمىشە تەڭكەش قىلىمەن
ئۈژمىزار قىلىشقا ئوكيان - دېڭىزنى.

1978-1979-يىل، ئۈرۈمچى - بېيجىڭ

# بولمىسا

مابادىباس بۇلبۇل قاقاستا، جايى گۈلشەن بولمىسا،
ياشنىماس گۈل پەرۋەرىش قىلغۇچى باغۋەن بولمىسا.
خوش قىلىش مۇمكىنمۇ ئادەمنى ئىززەتلەپ كۈلدۈرۈپ،
كىم كۈلەلەيدۇ كۆڭۈلدىن كۆڭلى خۇرسەن بولمىسا.
كىم بىلەر تۇز قەدرىنى، تارتمايلا قىيغىنىر جەۋرىنى،
توغرىنى پەرق ئەتكىلى بولالايدۇ سەزگەن بولمىسا.
يوق خاتالىقتىن جاھاندا خالى ئىنسان زادىلا،
ئەل كەچۈرگەي قىلغىنىنى ئەلۋەتتە قەستەن بولمىسا.
بەزىلەر بىلمەيدىكەن دائىم بۇزۇشتىن باشقىنى،
ياخشىسى، تۇزسۇز نېرى، تىكلەشكە زوقمەن بولمىسا.
يوق ئەمەس ئەل دۈشمىنى، بولسا قەيەردە ئۇرغۇلۇق،
زورمۇزور دۈشمەن ياساپ يۈرمەيلى دۈشمەن بولمىسا.
ھەممە يۈكتىنمۇ ئېغىر ئادەم ئۈچۈن «مەن»نىڭ يۈكى،
تاغ يۈدۈپ ماڭغۇسى يەڭگىل، كۆڭلىدە «مەن» بولمىسا.
دادخاھنىڭ دەردىگە دەرمان تېپىلماس ھېچقاچان،
دادگاھ ئەھلى ئۆزى دەردنى چۈشەنگەن بولمىسا.

1979-يىل يانۋار، بېيجىڭ

# شۇم بالا

كاڭ شېڭ قاتارلىق ئالدامچىلا: «سول»—
چىللىق، ئاھايىتى بىر بالىلىق كېسەلى. ئۇ ئانچە
خەتەرلىك ئەمەس، ئۇلارنىڭ نىيىتى توغرا،
دېگەنگە ئوخشاش سەپسەتىلەرنى بازارغا سېلىپ، ئىنتا-
يىن «سول» ئاغمىچىلىقنى پارتىيەمىزنىڭ لۇشيەنى
ئورنىغا دەسسىتىپ، ئاخىرى چوڭ بالايى - ئاپەتلەر
ئۈچۈن دەستەك يارىتىپ بەردى.

بار ئىدى بىر چاغدا شۇنداق بىر بالا،
«سولغاي» كېسەلگە بولغان مۇپتىلا.
ئاڭلىماقتا سۆزى جەڭگىۋار،
بىراق كىشىگە چاپلايتتى يالا.
ھە دېسە، ئۇستاز نامىنى سېتىپ
ئىش كۆردى باشتىچە مۇددىئادىلا.
بىر شۇملۇق سېزىپ ئۇنىڭ پەيلىدىن،
كۆپچىلىك رەنجىپ قىلسا غۇلغۇلا،
دېدى بەزىلەر شۇمتەكنى ئاياپ:
«قىرقۇپ كەتكۈلۈك ئەمەس ئۇنچىلا.
تېخى ئۇ گۆدەك،
نىيىتى توغرا،
زېيىنى چاغلىق،
پايدىسى تولا...»

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بالا بارغانچە ئاشتى ھەددىدىن،
«سىنىڭ راست» دەپ بەرگەچ باشتىلا.
تىللاشنى ئۆگەندى سالام ئورنىغا،
يۇلغىلى تۇردى ساقال بولسىلا.
كىتاپلارنى كۆيدۈردى ھە دەپ،
بۇزدى مازارنى كۆرگەن يەردىلا.
تالاي ئوغلۇقنى تۇتتى تەتۈر دەپ،
كىيگۈزۈپ باشقا قەغەزدىن كۇلا.
تىنىماي تالاشتى يەلكەن رولىنى،
ئۆگەنگەن ئىدەن چۆكتۈرۈشنىلا.
چاقتى تالاي قازان - قومۇچىنى،
ساڭنى قۇرۇتتى ئۇ بىر دەمدىلا.
ئوقەت قىلىشنى «ئازغۇنلۇق» دىدى،
ھەممىنى تىكتى «دەتتىكام»نىلا.
باشقا كىيدى پۈتۈن مەلىنى،
ھىچبىر يەرنى قويمىدى ئالا.
يەنە توغرىمۇ ئۇنىڭ نىيىتى؟
بالا ئەمەسكەن، بەلكى جۈت - بالا...
ئاخىرى ئەلنىڭ قەھرى سەل بولۇپ،
چوڭقۇر قايىنامغا چۆكتى شۇ بالا.
پەرى سۈرەتلىك يىلان يەنچىلىپ،
كۆڭلىمىز ئورنىغا چۈشتى ئەمدىلا.
بىراق، يوق ئەمەس
شۇمتەكنى ئاياپ،
كۆز ياش تۆكۈپ قىلغۇچى سالا.

خۇدا ساقلىسۇن ئۇنداق بالادىن،
كۆزدىمىز كۆرمىسۇن ئۇنى زادىلا.
شۇنداق بالا تۆرەلسە يەنە،
بوغۇپ قويغۇلۇق بۆشۈكىدىلا.

1979-يىل يانۋار، بېيجىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

## بىر قىزنىڭ ھەسرىتى

گۈلباھار پەسلى ئىدى،
كۆڭلۈمدە سەن بۇلبۇل ئىدىڭ.
سەن مېنى گۈللەر ئارا
زەپمۇ چىرايلىق گۈل دىدىڭ.

قامىتىمنى ماختىدىڭ،
يوق قىلچىلىك نۇقسانىمۇ دەپ.
چاچلىرىمنى ئويىندىڭ،
سۇمبۇلمۇ دەپ، بوستانمۇ دەپ.

لەۋلىرىمنى غۇنچە دەپ،
تەرىپلىدىڭ ھەيران بولۇپ.
قاشلىرىم ھىلال كۆرۈنگەن،
كۆزلىرىم چولپان بولۇپ.

ماختىدىڭ كۈلكەمنى سەن،
گويا يېقىملىق ناخشا دەپ.
مېنى سۆيگەنتىڭ شۇ چاغدا
سەن نىمانچە ياخشى دەپ...

ئۆتتى ئايلار شۇنچە تېز،
كەلدى خازان پەسلى يېتىپ.

كەتسە كۆكلەم نەئىلاج،
قىلدىڭ ئەلەم سەنمۇ كېتىپ.

نېمە دەپ سايراۋىدىڭ
گۈل پەسلىدە گۈلباغدا سەن؟
بىمەھەل تاشلاپ كېتىپ،
كۆڭلۈمنى قويدۇڭ داغدا سەن.

مەن مۇھەببەت گۈلىنى
سولمايدىغان گۈل دەپتىمەن.
بۇغۇ راست، ئەمما سېنىڭ
كۆڭلۈڭنى مەن بىلمەپتىمەن.

سەن ئۈچۈن ھېچگەپ ئەمەس،
قىلغان پۇشايمان ھەسرىتىم.
سۆيگۈ بابىدا ساۋاق
بولسۇن مېنىڭ بۇ ئىبرىتىم.

يار دىگەنگە يارىمىدى
كۆڭلۈڭنى كۆڭلى سۆيمىسە.
ئوت ئەمەس، يازدا كۆيۈپ،
قىش پەسلى كەلسە كۆيمىسە.

1979-يىل يانۋار، بېيجىڭ

www.uyghurkitap.com

## يىغا تۇتتى مېنى يەنە باھاردا

باغنى كېزىپ، قىزىل گۈلدىن ھىد ئېلىپ،
گۈل باھارغا سۆيۈندۈم مەن يۈرەكتىن.
بىراق كۆرۈپ گۈل بەرگىدە شەبنەمنى،
يىغا تۇتتى مېنى يەنە بۆلەكتىن.

ئۇنتۇمايمەن ئاشۇ باھار پەسلىنى،
بىز سۆيۈشكەن ئاشۇ گۈلنىڭ تۈۋىدە.
مۇھەببەتنىڭ ئىككى مىسرا بېيىتى
جەم بولغانتى ئىككىمىزنىڭ لېۋىدە.

باھار خالى ئەمەس ئىكەن دوقالدىن،
سۆيگۈمىزمۇ كۈشەندىگە دۇچ كەلدى.
ھىجران ئىشغال قىلدى ۋىسال بېغىنى،
ئامال قانچە، يۆلەكچىمىز بوش كەلدى.

ئۆرتىنىمەن، جېنىم، سېنىڭ ھىجرىڭدە،
ئەجەل ئەمەس، تۆھمەت ئالدى جېنىڭنى.
نەدە سەن، دەپ كېلەر مېنىڭ چىللىغىم،
ئەپسۇس مەڭگۈ ئاڭلالمايمەن ئۈنۈڭنى.

باھار كېلىپ، كۆرۈپ ئامراق گۈللۈكنى،
بولۇپ قالدىم خۇددى سېنى كۆرگەندەك.

ھوزۇرلاندىم خىيالىمدا ئۈزەمچە،
گۈللەر ئارا سېنىڭ بىلەن يۈرگەندەك.

كۆرگىنىمدە گۈل بەرگىدە شەبنەمنى،
كەلدى يەنە ھىجران تۈنى ئېسىمگە.
شۇ چاغ گۈلگە شەبنەم قوندى دىگەنتىڭ،
تامغىنىدا كۆز ياشلىرىم مەڭزىڭگە.

لەنەت ئوقۇپ ئاشۇ ھىجران تۈنىگە،
مەن باھارنى تەبرىكلىدىم سەن ئۈچۈن.
مەن سۆيىمەن سەن سۆيگەن شۇ باھارنى،
باھار سېنىڭ مۇھەببىتىڭ مەن ئۈچۈن.

مۇھەببىتىڭ سولاشماس گۈل مەن ئۈچۈن،
ئېتىز قىلدىم ئاڭا ئاتاپ كۆڭۈلنى.
مەن ياش تۆكسەم، يىغلاۋەردى دىمەڭلار،
سۇغىرىمەن يېشىم بىلەن شۇ گۈلنى.

1979 - يىل فېۋرال، بېيجىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

## ل. مۇتەللىپنى ئەسلەپ

ئەسكە ئالغانتىم بۈگۈن لۇتپۇن سېنى
ئاقتى كۆزۈمدىن تاراملاپ ياشلىرىم.
يېڭىۋاشتىن بولدى چۆپ-چۆپ
تېخى نەمدىن ئەكچىمەي يەڭ-پەشلىرىم.
يىغلىشۇمنى ئىختىيارسىز ئۆزلىرى
مېنى «بەس» دەپ بەزلىگەن يولداشلىرىم.

يادىمىزدا ئاشۇ ئەنسىز كېچىلەر،
مۇما ئۈستىدە پالاقلايتتى گومىنداڭ بايرىقى...
سەن ۋەتەننىڭ قايغۇسىنى كۈيلىسەڭ،
تىلدى باغرىڭنى مۇناپىقلار تىغى.
سېنى نابۇت قىلدى جاللات ھەيدۇقوپ،
سەن ئادا بولدۇڭ ئەلەمدە تۇنجۇقۇپ.
ئون گۈلۈڭنىڭ بىرسى ئېچىلماي تېخى.

ئاخىرى تاڭلار ئېتىپ،
كەلگىنىدە گۈلباھار پەسلى يېتىپ،
بولدى گۈلشەنگە ئىگە گۈل ئارىغى.
شۇنداق گۈل ئاچقان ئىدى غۇنچەڭ سېنىڭ؛
بولدىكىن نەرىڭ ئۇشىزقچە،
كەلدىغۇ «سول» تەلىلەرنىڭ تارلىغى.

بىر مەھەل تەتۈر شامماللار قوزغىدى،
چۈشتى ئەجداتلارنى خارلاش بۆيرۇغى.
زەپمۇ ئۇر-ئۇرغا يولۇقتى شان-شەرەپ،
كېيگۈزۈلدى ساختىۇ نەس قالپىغى.

تەلۋىلەر قىلدى گۆمىنداڭنى خوشال،
بۇ ئەلەمنى ئويلىسام شۇ تاپتا مەن،
يۈرىكىم چىم-چىم قىلىپ،
ئىچ-ئىچىمدىن ئۆرتىنىپ ئۇھ تارتىمەن.
ئېيتقىنا، لۇتۇن قېرىنداش نەدە سەن؟
مەن قۇياي دېسەم بېرىپ گۈلچەمبىرەك،
ئاختۇرۇپ قەۋرەڭنى نەدىن تاپىمەن؟

بىر قېتىم كۆرگەن چۈشۈمدە،
قاپتىمەن مەنمۇ ئۆلۈپ ئايەم كۈنى.
نەدىدۇ، بىر جايدا ئەرۋاھلار ئارا
قايغۇلۇق ھالەتتە ئۇچراتتىم سېنى.
سەن ماڭا شۇنداق دېدىڭكى:
«گۈللىرىم ئېچىلغىلى تۇرغان ئىدى،
نىمە ئىش، ئەمدى يەنە سولاشقىنى؟»
مەن دېدىمكى:
«مەنمۇ ھەيرانمەن بۇڭا،
قورقىمەن ئېيتىشقا گەپنىڭ راستىنى...»

ئاشۇ چاغدا،
يېنىمىزغا كەلدى بىر ئادەم يېتىپ،
ئۇ كۆرۈشتى شۇنچە ئىللىق بىز بىلەن.

بايقۇشام ئۇ بايا چىن تەنچىۋ ئىكەن،
بۈگۈن ئۇ بەردى تەسەللا
ئىككى ئېغىز سۆز بىلەن:
«نەدە ئىش بولدى زېمىننىڭ ئۈستىدە،
بايقۇشاق، مەلۇمغۇ، ئۆتكۈر كۆز بىلەن.
چىقتى مەيدانغا نىجىس ئالۋاستىلار
ئۆزىنى گويا پەرىشتە كۆرسىتىپ،
ئۆزگىچە پەدەز بىلەن.
شۇ مەرەز ئالۋاستىلار
ئۆزگىچە تارىخ توقۇپ، غەۋغا سېلىپ.
مۇشتلىشىشتا سالدى ئۆزىنى ئۆز بىلەن،
يېزىل خەتەر،
لېكىن يورۇقتۇر پەلا ئىمىز،
بەربىر ماڭاي ئامال يوق
باشتا ئاچقان ھەم سىنالغان ئىز بىلەن...»

راستىن ئېيتسام، چۈش ئەمەسكەن، كۆرگىنىم،
ئىنقىلاپ ئەجدادىنىڭ قايغۇ-غېمى.
ئاخىرى قىلغىنى، تۈزىنى ئايرىدى
ئەمەلىيەت-چىن ھەقىقەت ئۆلچىمى.
يېڭىۋاشتىن چاچتى پارلاق نۇرىنى
دەۋرىمىزنىڭ ئىنقىلاۋىي تەلىمى.
بولدى رەسۋا خەلقى-ئالەم ئالدىدا
شۇم نىيەت ئالۋاستىلارنىڭ ئالدىمى.
بەردى ئەۋلاتلارغا ئىلھام، كۈچ-مەدەت
قايتا ئۆتكەندە شېھىتلار ماتىمى.

قەۋرە يوقلاش مەۋسۇمىدە
ئەسلىدىم لۇتۇن سېنى.
سېنى ئەخلەت دىسىمۇ چۆپرەندىلەر،
خەلقىمىز چىن قەلبىدە
ئەتىۋالايدۇ بىلىپ ئالتۇن سېنى.
سەن بېرىپ يىللارغا مەزمۇنلۇق جاۋاپ،
ئارزۇ قىلدىڭ
قىپ-قىزىل نۇرغا جاھان پۈركەنسە دەپ؛
قىلدۇ ئەۋلاتلىرىڭ مەمنۇن سېنى.
بىز چوقۇم شەنىڭگە تىكلەيمىز مۇنار؛
قويىمەن شۇندا مۇنارنىڭ ئالدىغا
شېئىرىيەتتىن راسلىغان گۈل-غۇنچىنى.

1979-يىل مارت، بېيجىڭ

www.uyghurkitap.com

## كۆچەت

بۈگۈنكى شۇ باراقسان دەرەخ
كۆچەت ئىدى تۈنۈگۈن تىككەن.
بۈگۈنكىلەر سايىدىسۇن دەپ،
تۈنۈگۈنكىلەر ئەجرىنى تۆككەن.

سايىداپ تۇرۇپ ئەسلىگەن چاغدا
كۆچەت تىكىپ ئۆستۈرگۈچىنى،
ياخشى ئەۋلات ئۇنتۇمايدۇ ھېچ
ئۆزىنىڭ كۆچەت تىكىش بۇرچىنى.

1979 - يىل ئاپرېل، ئۈرۈمچى

# نىمشەھىت خاتىرىسىگە

تۇرىدۇ تۇرقۇڭ غەزەلدەك كۆزۈ كۆڭلۈم ئالدىدا،
مەن تېخى لال سەن كەبى شېرىن تەكەللۇم ئالدىدا.
بۇندا باشلامچى ئىدىڭ سەن مەرىپەت ئەشئارىغا،
يېڭىچە سەنئەتتە نامىڭ بولدى مەلۇم ئالدىدا.
زومىگەر قۇززات يولۇقسا ھىممىتىڭ قەددىدەك،
ئېگىلەتتىڭ يا كەبى دەپسەندە مەزلۇم ئالدىدا.
باشقىچە جەۋلانغا كىردى قەلىمىڭ، ئاتقاندا تاڭ،
دىمىدىڭىزۇ جەڭگىۋار كۈيگە قوشۇلدۇم ئالدىدا.
قىبلە قىلدىڭ كەبىتۇللادا ئانا يۇرتۇڭنى سەن،
بىزگە مەلۇم تۇغرىنىڭ قانداق تەرەننۇم ئالدىدا.
كۈيلىرىڭ گويا مۇقامنىڭ نەغمىسىدەك جىلۋىدار،
بىز ھامان مەپتۇن ئىدۇق ھەر بىر تەرەننۇم ئالدىدا.
توت زىيانداش قىلدى گوھەرنى گويا ئەخلەتكە تەڭ،
ئېيتقۇسىز دەپسەندە بولدۇڭ بىر ئوچۇم شۇم ئالدىدا.
خەستە ھالىڭنى بېرىپ يوقلاي دىسەم، مەن بەنت ئىدىم،
گەر كۆرۈشسەم سۆز قىلالايتتىمۇ مەھكۇم ئالدىدا.
قۇتۇرىغان چاغدا جۇدۇن، بولدۇڭ بۇ ئالەمدىن جۇدا،
ۋاي، ئىسسىت، كەتتىڭ گۇناسىز ياخشى مەۋسۇم ئالدىدا.
شېئىرىيەت گۈلزارىدا تۇزمايدۇ ئەجرىڭ ھېچقاچان،
بىز بىلەن بىللە يەنە، بولساڭمۇ مەرھۇم ئالدىدا.

1979 - يىل

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# قانداق قىلاي

(ئالدامچىنىڭ نالىسى)

بولمىدى، ئىشلار چاتاق، قانداق قىلاي،
چۈشتى ئالدىغا تۇساق، قانداق قىلاي.
«سول» چىلىق رەڭۋازلىغى بولدى كاسات،
ئەمدى مۈشكۈل، ئالدىماق، قانداق قىلاي.

بىر مەھەل ئوبدان بازار تاپقان ئىدىم،
قانچىلارنى مايىمۇن ئويناتقان ئىدىم،
لېپتىپ سۈنى، بىلىق تۇتقان ئىدىم،
ئەمدى ئالدىم شۇم ئاتاق، قانداق قىلاي.

ھەددىسە «گۆھەر كىتاب» نى پەش قىلىپ،
ھەم توقۇپ يالغاننى ئەپلەپ راست قىلىپ،
خەلقى ئىشنى بۇزدۇم ئەلنى مەس قىلىپ،
ئەمدى ئالدىدا سوراق، قانداق قىلاي!

مەن قۇرۇپ بۆلگۈنچىلىكنىڭ دامىنى،
گەپ توقۇپ، دەي ـ دەيگە سالدىم ئامىنى،
يايىرىدىم ئەلنىڭ بۇزۇپ ئارامىنى،
ئەمدى ئەۋزەل ئىتتىپاق، قانداق قىلاي.

كوچىلاش ھەردەمنى خسلەت مەن ئۈچۈن،
بولدى چوڭ دەسمايە تۆھپەت مەن ئۈچۈن،
ئۆزگىگە زەخمەت ھالاۋەت مەن ئۈچۈن،
ئەمدى بۇ يوللار تاقاق، قانداق قىلاي!

شوتا بولدى ھەر قېتىم ھەركەت ماڭا،
يوقۇرى ئۆرلەشكە ئەپ پۇرسەت ماڭا،
بولدى بالداق كىم كۆرۈنسە سەت ماڭا،
ئەمدى بالداقلار تاياق، قانداق قىلاي.

سۇ يوگۇرتۇپ مەن سامانىنىڭ ئاستىدىن،
ئەنزە تۇغ ۇردۇم تالايلار ئۈستىدىن،
بولدى ئەل بىزار بۇ قىلمىش دەستىدىن،
قىلدى يۈزۈمنى شالاق، قانداق قىلاي.

قىلمىشىم چانغاندا بەزى بەلگىدىن،
باشقىغا دۆڭگەپ قۇتۇلدۇم زەربىدىن،
ئالدىدا كەلدىم يەنە مەن بەيگىدىن،
ئەمدى لەت بولدۇم بىراق، قانداق قىلاي.

مەن بىلەن كىم بولسا دوست، ساق قالمىدى،
بەرىگە سۈرتتۈم قارا، ئاق قالمىدى،
بەزمىگەن ھىچقايسى ئايماق قالمىدى،
بوپتىمەن ئىتتا يالاق، قانداق قىلاي.

ئەمدى يوق ئىلگىركىدەك ئالچاڭلىماق،
نەدە ئەمدى تۆردە ماۋۇق، باش تاۋاق؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۆلگىچە سوقىنان زىبيا يەتلىك تاماق،
بولدى بۇرنۇمدىن بۇلاق، قانداق قىلاي.

كۆتمىگەندە زەپمۇ چىققتى ئەبجىغىم،
ئاخىرى ئەسقاتمىدى قىزىل چوقمىغىم.
كارغا كەلمەس بولدى قاپقان - قىلتىغىم،
كۆپچىلىك ئاپتىز ساۋاق، قانداق قىلاي!

ھەسرەتا، كەتتى قىزىلۇمدىن ئامىتىم،
سارغىيىپ رەڭگىم، پۈكۈلدى قامىتىم،
كۆلكە بولدى ھەممىگە بۇ ھالىتىم،
يازسا شائىرلار قوشاق، قانداق قىلاي.

1979 - يىل سىنتەبىر، ئۈرۈمچى

# كۆرۈۋىدىم چۈشۈمدە بۇلبۇل

(بىر دوستۇمنىڭ ئەسلىمىسى)

كۆرۈۋىدىم چۈشۈمدە بۇلبۇل،
مۇنداق تەبىر بەردى بەزىلەر:
«ياخشىلىق بار ساڭىمۇ چوقۇم،
تۈزۈلىدىكەن خاتا ئەنزىلەر.»

بەزى چاغدا بېرىدۇ ئارام
دەرتىمەن ئۈچۈن مۇنداق تەسەللا.
بىراق شۇ كۈنى بىر پىشكەل كېلىپ،
سولاپ قويدى سولاش ئۈچۈنلا.

بۇلبۇل كۆرۈپ (ھىلىمۇ ياخشى)،
ئېلىنىپتىمەن سولاققا ـ بەنتكە.
ھۆپۈپ كۆرگەن بولسام چۈشۈمدە،
كېتىدىكەنمەن چوقۇم لەھەتكە.

1973 - يىلى يېزىلغان.
1980 - يىلى تۈزىتىلگەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# ئوتتۇز يىل

كاللىندار يىرتىلىپ كۈن ئۆتكەنسېرى،
بالىلار چوڭ بولدۇ، چوڭلار قېرى.
ئوتتۇز يىل دىگەن رەقەم قانداق ساناق؟
بۇ، سەل كەم بىر ئەسىرنىڭ ئۈچتىن بىرى.

ئوتتۇز يىل — ئەسىرىمىزنىڭ كەڭ تېمىسى،
قىممەتلىك ساۋاقلارنىڭ چوڭ قامۇسى.
مەزمۇنى ئۇنىڭ شۇنچە خاسىيەتلىك؛
بۇ دىمەك، يېڭى جۇڭگو يىلنامىسى.

كىم ئېيتسۇن ئوتتۇز يىلنى بىھۇدە دەپ،
بىھۇدە دىمەك ئۆزى بىھۇدە گەپ.
ياشىدى يېڭى جۇڭگو كۆكرەك كېرىپ،
چوققىدەك يەرنى قۇچۇپ، كۆكنى تىرەپ.

پىشكەللىك دۇچ كەلسىمۇ ھەرقەدەمدە،
خەتەرلەر قورشىسىمۇ كەڭ كۆلەمدە.
ئۆچمىدى، چېكىنمىدى يېڭى جۇڭگو،
سۆلىمىدى قالغاندىمۇ قايغۇ ـ غەمدە.

نامەرتلىك قىلغىنىدا تەبىئەتمۇ،
دان تۇتماي قۇرۇلغاندا زىرائەتمۇ.

ياشىدى يېڭى جۇڭگو خۇشامەتسىز،
قىلمىدى قىلچە ئاھۇ-نادامەتمۇ.

بولغاچقا كومپارتىيە بايراقدارى،
بولدى ئەل ئۆلكىلەرنىڭ زەربىدارى.
نامايەن بولدى جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ
ھەممىگە قادىر ئۇلۇغ ئىقتىدارى.

بىراق بىر ئالغا قاراپ ماڭغان ھامان،
قۇترىشتى ئاغمىچىلار قوزغاپ تۇمان.
چىقاردى توغرا ئىزدىن تالاي ئىشنى،
خۇن قىلدى تەتۈر قىيناپ خېلى زامان.

ھەممىدىن ئېزىتقۇنىڭ كاساپىتى،
تولىمۇ جانغا پاتتى تالاپىتى.
تاس قالدى شۇ بالادىن ئۆرۈلگىلى
مۇقەددەس سوتسىيالىزىم ئىمارىتى.

ئېزىتقۇ تەلۋىلەرنىڭ ئاخماقلىقى،
كۆرسەتكەن يوللىرىنىڭ تايغاقلىقى...
سېلىشتى ھەممە ئىشقا ۋەيرانچىلىق
بۇزۇشقا خۇشتارلىقى، ئامراقلىقى.

تەلۋىلەر تەلۋىلىكنى جۈرئەت دىدى،
تۆھپىنى، شان-شەرەپنى لەنەتلىدى.
ھە دىسە قىزىل كالتەك بولۇۋېلىپ،
كۆنمىگەن ئادەمگە كۈن كۆرسەتمىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com

قىستىدى چارچىغاننى دۆڭگە چاپ دەپ،
زورلىدى مۇزلىغاننى مۇزدا يات دەپ.
ماختىدى كۈرەشچان دەپ كۆيدۈرگىنى،
داغلىدى خۇراپاتنى كەشپىيات دەپ.

ئېغىزدا ھەممە مىللەت باراۋەر دەپ،
ئەمەلدە ئاز سانلىقنى بەچچىغەر دەپ.
بوغۇشتا جىياڭ باندىتتىن قېلىشمىدى،
مىللەت كۆپ بولۇش ئەلگە دەردىسەر دەپ.

ۋادەرىخ، بۇ شۇملۇقنى ئويلىغانچە،
يۈرەكتە يالقۇنجايدۇ غەزەپ شۇنچە.
ئىنقىلاپ ئويۇن بولدى تەلۋىلەرگە،
دەپسەندە قىلغان بارمۇ ئەلنى مۇنچە؟

بۇ ئىشقا تارىخ جاۋاپ بەردى ئاخىر،
قىزىل تۇغ تەلۋىلەرنى ئۇردى ئاخىر.
خەلققە يەتمىش بەشنى كۆرسەتكەنلەر
ئۆزلىرى سەكسەن بەشنى كۆردى ئاخىر.

قايتىدىن باھار كۆردۇق شۇندىن بېرى،
يولىمىز داغداملاشتى بارغانسېرى.
ئېلىمنىڭ تەشناسىغا بەردى شەرۋەت
جانىجان پارتىيەمنىڭ چوڭ تەدبىرى.

كۈچ بەردى ئۇنتۇز يىللىق سىناق بىزگە،
جىق ئەقىل بەردى ئاچچىق ساۋاق بىزگە.

شۇڭلاشقا كېلىچەكنىڭ گۈلزارىدىن،
كەلمەكتە گۈپۈلدەپ خۇش پۇراق بىزگە.

بۇ ئەۋلات چوڭ يۈرۈشكە جاۋاپكارمىز،
قەيەر تۈز، قەيەر ئوي-دۆڭ، خەۋەردارمىز.
ئېزىدىقۇ تەلۋىلەرنىڭ كۈرسى چۈشتى،
شۇڭلاشقا كېلىچەكتىن ئۈمىتۋارمىز.

ئەڭ قەدىمەت ساۋاق شۇكى، راست سۆزلىمەك،
بىرنى بىر، ئىككى بولسا ئىككى دېمەك.
شۇ خىسلەت ھاكىم بولسا، لەت بولىدۇ
چىقىشىدۇ ھەرقانچە چوڭ مەككار كەمەك.

ئانىجان جۇڭخۇا ئېلىم ئۇلۇغ ئەلسەن،
ۋە لېكىن تېخى يەنە كەمبەغەلسەن.
توقسۇزۇڭ تەل بولىدۇ چوقۇم، لېكىن
بېرىسەن شۇڭغىچىلىك جىق بەدەل سەن.

غەم يەيدۇ پەرزەنتلىرىڭ سېنىڭ ئۈچۈن،
قۇدرەتلىك، باي ھەم گۈزەل كۈنىڭ ئۈچۈن.
بىز ئۈچۈن ھاياتلىقنىڭ مەنىسى شۇ
ياشايمىز، چېلىشىمىز شۇنىڭ ئۈچۈن.

1979 - يىل ئۆكتەبىر، ئۈرۈمچى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ۋۇ شىجاڭنىڭ ئۆلۈمى

غەربىي تاغدىكى يۈكسەك راۋاق *نى
ھەم ئەسىل نەقىش، ھەيكەللىرىنى
كۆرۈپ ھاڭ-تاڭ قالغانلار ئازمۇ،
يەتكۈزەلمەي ئەقىللىرىنى.

راۋاق تاملىرى، ھەيكەللىرىدىنۇ
ياسالغان تۇتاش ئۇيۇلتاش تاغدىن.
تىيىت-بەش ئەۋلات ئۇستا ئىزتۈپتۇ
تا پۈتكىچە باشلانغان چاغدىن.

ۋۇ شىجاڭ ئاتالىق قىلى گۈل ئۇستام
بىر ئۆلىياغا ھەيكەل تۇرغۇزۇپ،
شۇنداق ئەپلىك پۈتكۈزۈپ، بىراق
تىلاقەتەك جايىنى قويۇپتۇ بۇزۇپ.

ئۇقسان شۇكى،
چىلتا بوپ قاپتۇ
ئۆلىما تۇتقان قەلەمنىڭ ئۇچى.
بۇنى تۈزەشكە ئامال بولمىغاچ،
ئۆرتىنىپتۇ ئۇستامنىڭ ئىچى.

---

* كۈنمىگەدىكى غەربىي تاغنىڭ ئىگىز چوققىسىدا «داتيەنگې» راۋىقى، پەستە دىيەنچى-كۆلى بار.

«بۇنداق قەلەمنى تىزتقان كىشىنى،
كىم ئىشىنەر ئۆلىما دەپ.
ھۈنەردە بولۇپ باقمىغان
بۇنداق شەرمەندە، يامان ھادىسە.»

ئاشۇ ئەلەم.. ھەسرەت ئىچىدە
داغ چۈشۈردۈم دەپ سەنئەت شەنىگە،
ئاسمان پەلەك ئېگىز چوققىدىن
تاشلاپتۇ ئۆزىنى دىيەنچى كۆلگە.

ئاھ، ئىسىت،
شۇنچە ئېسىل سەنئەتكار
ئاتتىمۇ ئۆزىنى كۆلگە نېمىشقا؟
ئۇنىڭ دىلى نېمانچە نازۇك،
ئۆلۈۋالامدۇ شۇنچىلىك ئىشقا؟

بىراق، ۋۇ شىجاڭ شۇنداق دېمەكچى:
نومۇس كۈچى ھۆكۈمدىن يامان.
مۇقەددەس ئىش.. سەنئەت بابىدا
قىلچە سەھۋەنلىك ئۆلۈمدىن يامان.

1980 - يىل مارت، كۇنمىڭ

# ئاسىمانىڭ قىياپىتى

تاش ئورمان ئارىسىدا بىر تاش كۆردۈم،
ئوخشايدۇ بىر باتۇرغا قىياپىتى.
يادىمغا كەلدى شۇ ئان سانىلارنىڭ
ئاسىما ھەققىدىكى رىۋايىتى*.

ئاسىما — گۈزەل، باتۇر سانى قىزى،
چىن ئىكەن ئاشىقىغا ساداقىتى.
ئېگىلمەي ئالۋاستىنىڭ ھەيۋىسىگە
ئايلانغان تاش چوققىغا مەغرۇر پېتى.

پاك بولسا ئاشىقلارنىڭ مۇھەببىتى،
غالىپتۇر ئىرادىسى، جاسارىتى.
بەربىر كارغا كەلمەي لەت بولىدۇ
ھەرقانداق ئالۋاستىنىڭ كارامىتى.

---

*يۈننەندىكى تاش ئورمان ئەتراپىدا ياشايدىغان سانى خەلقىنىڭ رىۋايىتىدە ئېيتىلىشىچە، ئاسىما دېگەن گۈزەل قىز ئۆز سۆيگۈسىگە سادىق بولۇپ، ئالۋاستىلارنىڭ ھەيۋىسىگە تىز پۈكمەي، ئاخىرى ئۆزى تاشقا ئايلىنىپ كەتكەن ئىكەن. سانى خەلقى ھازىرمۇ تاش ئورمان ئىچىدىكى ئاسىمانىڭ قىياپىتىگە ئوخشايدىغان تاش چوققىنىڭ يېنىدىن ئۆتكەندە، خۇددى ھايات ئادەمنى توۋلىغاندەك، «ئاسىما!» دەپ توۋلاپ، بۇ قەھرىمان سادىق ئاشىق قىزغا بولغان مۇھەببىتىنى ئىزھار قىلىدىكەن.



ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى www.uyghurkitap.com

نەشتىا تاش تورماندا هازىرغىچە
ياڭرايدۇ ئاسىيانىڭ نامى - ئېتى.
ئۆلمەيدۇ پاك ئاشىقنىڭ روھى هەرگىز،
ئۆچمەيدۇ هەرگىز هۆرمەت - ئىناۋىتى.

1950 - يىل مارت، كۆنەسك

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## سادا

تاش ئورماندا قوندۇم بىر كېچە
يولداش شاۋچى قونغان ياتاقتا.
قارا باستى دېمەڭلار ھەرگىز،
ئۇخلىيالمىدىم ھەسرەت ـ پىراقتا.

يۈرەكلىرىم ئېچىشتى، كۆيدى،
مۇدھىش يىللار چۈشۈپ يادىمغا.
بىر چاغلاردا شۇ ئۆيدە تۇرغان
ئۇلۇغ سىما كەلدى ئالدىمغا.

پىراقتا بۇ خىيالىم ئىدى،
تىت ـ تىت بولۇپ چىقتىم تالاغا.
دەل شۇ چاغدا قۇلىقىم چۈشتى
«ئاسىما!» دېگەن ياڭراق ساداغا.

ئىختىيارسىز تۇۋلىدىم مەنمۇ
تاش ئورماننى كېزىپ، ئايلىنىپ.
«يولداش شاۋچى!
سىز نەدە؟
ياكى
كەتتىڭىزمۇ تاشقا ئايلىنىپ؟»

جاۋاب، سادا كەلدى شۇ چاغدا
«مەن ماركسنىڭ يېنىمدا» دېگەن.
دېمەك، ئۇ ئۆلمەس قەھرىمان،
چۈنكى
ئالۋاستىغا بويۇن ئەگمىگەن.

1980 - يىل مارت، كۈنمەك

# كانايدىن ئۈن چىقامدۇ ياغلىمىسا

مۇسانىڭ بۇ يىل كەيپى بۆلەكچىلا،
ئېتىزدا سول ئېلىشى ياش يىگىتتەك.
ناخشىسىغۇ ئېيتىدىغان بولۇپ قالدى،
سۆزىمۇ دانە ـ دانە، ساپ ئۆگزىتتەك.

بەزىلەر دېيىشىدۇ: «نېمە ئىش بۇ؟
ئىلگىرى مۇنداق ئەمەس ئىدى مۇسا!...»
هەي!...
نەدە بار قۇرۇق تاغار ئۆرە تۇرغان،
كانايدىن ئۈن چىقامدۇ ياغلىمىسا.

1980 - يىل باھار، الوكچون

# چال ئوغلۇم

ئەسلەيمەن،
قۇلىغىمنىڭ تۈۋىدىلا
ياڭرايدۇ بىر چاغدىكى داقا-دۇمباق.
ئاۋازى ئىسراپىلنىڭ نەرىسىدەك،
نە ئامال، ئۇ چاغدىكى يوسۇن شۇنداق.

ياڭرىتىپ داقا-دۇمباق،
ئېلىپ چىقتى
مېنىمۇ «ياچېيكا» دەپ سازايىغا.
كۆرسەم، سونايچىسى ئوغلۇم ئىكەن،
تونۇدۇم بىر قاراپلا چىرايىغا.

ئۆزۈمنى تۇتالماستىن كۈلۈپ كېتىپ،
دەپتىمەن:
«نېمە ئىش بۇ؟ تۇۋا-تۇۋا...
چال ئوغلۇم،
ئاتا-ئاناڭنىڭ تويىدىمۇ
مۇنچىلىك قىزىمىغان نەغمە-ناۋا.»

شۇ سۆزۈم بېشىمغا بىر بالا بولدى،
ئۆلمىدىم،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

پېقىر يەنە ئامان قالدى.
بىراقتا، ئوغلۇم رەجەپ شۇندىن بۇيان
سۇنايىنى تاشلىۋېتىپ يامان قىلدى...

١٩٨٠ - يىل باھار، تۇرپان - ئۈرۈمچى

# ئارچا

ئارچىغا سوئال قويدۇم زوقلىنىپ:
«نېچۈن دائىم ئىللىق پۈراپ تۇرسەن؟
يازدىمۇ ئەسلا،
ھەتتا قىشتىمۇ
ياپ ـ يېشىل بولۇپ يايراپ تۇرسەن؟»

جاۋاپ بەردى ئارچا شىۋىرلاپ:
«ياشايمەن تۆرەلگەن يەرنى قۇچاقلاپ.»

چۈشەندىم ئارچا خىسلىتىڭنى مەن،
چۈشەندىم تۇرقۇڭنىڭ ئالىقلىغىنى.
چۈشەندىم ھەتتا تۇتۇنلىرىڭنىڭ
شىپالىق، ئەتىۋا ئىسرىقلىغىنى.

1980 - يىل ئاۋغۇست، چىڭگىل

# كەۋسەر

چوڭ چىڭگىل يايلىقىنى كېزىپ يۈرۈپ،
ئۇسسىدۇق دەپ بىر كىچىك ئۆيگە كىرسەك؛
«ھە، قېنى كەۋسەر» دىگەن ئىدى بىرسى،
ئەپكېلىپ قېمىز قۇيدى بىر كېلىنچەك.

قېمىزدىن لەززەتلىنىپ، شۇڭا ئۇنى
«كەۋسەر» دەپ ئاتايدىكەن دەپ قاپتىمەن.
قىزىدىم كەتتىڭ، دىسە بىرسى ماڭا،
«كەۋسەر»نىڭ تەپتىغۇ بۇ، دەپ ساپتىمەن.

شۇ سۆزدىن كۆتىرىلدى ئۆيدە كۈلكە،
قىزاردى ئۇزكېلىنچەك مەندىن بەتەر.
كىم بىلسۇن، ئۇنىڭ ئېتى كەۋسەر ئىكەن،
شۇ سۆزنى دەيتتىم يەنە بىلسەم ئەگەر.

1980 - يىل ئاۋغۇست، چىڭگىل

## تېۋىلغا

ھەقىقەت ئېگىلەر، سۇنماس،

— خەلق ماقالى

سۆز ئېچىپ ياغاچلارنىڭ خىسلىتىدىن.
زوقلىنىپ ماختاشقاندا تېۋىلغىنى:
كىم بىرسى ئۇنى ئۇسال ياغاچ دېدى،
ئەمەسمىش ياخشى خىسلەت ئېگىلگىنى.

ياق، ئۇنىڭ ئېگىلگىنى ئەيىپ ئەمەس،
گەپ شۇندا — ئېگىلىشكە بەرداشلىقى.
تارتقىنى زوقىمىزنى شۇكى، ئۇنىڭ
ھەقىقەت تەسۋىرىگە ئوخشاشلىقى.

1980 - يىل ئاۋغۇست، چىڭگىل

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# يەرنى ئاسماندا كۆرۈپ پەس چاغلىماڭ

يەردە بىللە ئىشلىگەندە ئىككىمىز،
ھەممە خەق زوقلانغۇدەك ئامراق ئىدۇق.
ئېيتىشاتتۇق بىللە مۇڭلۇق ناخشىنى،
شوخ - خوشال كۈيلەرگىمۇ ئورتاق ئىدۇق.

كۆتمىگەندە مەرتىۋەڭ ئۆستى سېنىڭ،
تايلىق، ئەسقاتتى تاغاڭنىڭ ياردىمى.
كۆرمىدىم شۇندىن بېرى ھەم باقمىدىڭ،
سەن بولۇپ ئايرۇپىلاننىڭ ئادىمى.

ئەمدى بىلدىم، شۇڭا باقماپسەن ماڭا،
يەردە بولغاچقا ھامان ئورنۇم مېنىڭ.
سەن ئۆزەڭ ئاسماندا تۇرساڭ غادىيىپ،
قارىسام، ئاغرىيدىكەن بويىنۇم مېنىڭ.

*

يەرنى ئاسماندا كۆرۈپ پەس چاغلىماڭ،
چۈنكى ئاسمانغىمۇ يەردىن كىشى.
ئالدىدۇ قايتىپ يەنە يەردىن ئوزۇق،
يەرگە باغلىق خەلقى ئالەمنىڭ ئىشى.

1981 - يىل ماي، ئۈرۈمچى

## موزاي بىلەن تۆلكە

تۆلكە كۆرۈپ باغلاقتىكى موزاينى،
قۇيرۇغىنى شىپاڭشىتىپ، تولغۇنۇپ.
«ۋاي بىچارە، — دىدى، — ساڭا نىمە كۈن،
قالغانىمدىڭ بوغۇلۇشقا تۇغۇلۇپ؟»

«ئامال قانچە، — دىدى موزاي جۇرسىنىپ، —
شۇنداق بىزار بولدۇمكى بۇ باغلاقتىن...»
«ئۇنداق بولسا، — دىدى تۆلكە، — مەن ساڭا
ياردەم قىلىپ قۇتقۇزاي بۇ قىيناقتىن.»

«شۇنداق قىلساڭ، — دىدى موزاي يالۋۇرۇپ، —
شۇ ئەجرىڭگە ئوينىتاي مەن مىندۈرۈپ.»
تۆلكە شۇئان يېشىپ ئۇنى باغلاقتىن،
مىنىۋالدى ئوبدان پەيتنى كەلتۈرۈپ.

كەلدى ئۇلار بىر بىدىشنىڭ ئاستىغا،
موزاي ياپراق يىدى، تۆلكە ئۈستىدە.
نەدىن بىلسۇن موزاي، ئۇنى «نىجاتكار»
شۇتا قىلدى ئۆزۈم يىيىش قەستىدە.

موزاي ياپراق يالماش بىلەن ئاۋارە،
تۆلكە يىدى ئۆزۈملەرنى تويغىچە.

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى
www.uyghurkitap.com

چېچىلغاننى ئاتا قىلىپ موزايىغا،
تىكىۋەتتى بىر ەر شەپە بولغىچە.

ئۇزۇن ئۆتمەي كېلىپ قېلىپ خوجايىن،
بولۇشىچە يىدى موزاي دۇمبانى.
ئۇقماي ئۇرۇپ موللا قىلىپ بولارمۇ
گۇنايىنى بىلەلمىگەن جانۋارنى.

1981 - يىل 20 - ماي، بېيجىڭدا

## «قىز قۇۋار»دا

نۇرتايىنى تارتتى كۆلەش «قىز قۇۋار»غا
ئاتلاندى ھەر ئىككىسى قۇشتەك ئۇچۇپ،
كۆرۈندى يىراقلىشىپ بىر گەۋدىدەك،
كىم بىلسۇن ئېلىشتى كىم-كىمنى قۇچۇپ.

بىر چاغدا بۇرۇلدى-دە، قاچتى نۇرتاي،
كەينىدىن قامچا ئوينىتىپ كۆلەش سۈردى.
گويا قىساسكاردەك تۇسكە كىرىپ،
يىگىتنىڭ دۈمبىسىگە قامچا ئۇردى.

كۆلەشنىڭ ئۇرغىنىدىن يايراپ كۆڭلى،
بىر تەرەپ چۇقۇراشتى «تازا سال»دەپ.
بىر تەرەپ ئىچ ئاغرىتتى نۇرتاي ئۈچۈن،
«بولدىغۇ بىچارىگە بەك ئۇۋال» دەپ.

شۇ تاپتا مەلۇممىدۇ كۆلگەنلەرگە
كۆلەشنىڭ يۈرىگىنىڭ ئېچىشقىنى.
يۈرەكلار نۇرتايغىمۇ ئىچ ئاغرىتىپ،
بېسىلدى دۈمبىسىنىڭ قىچىشقىنى.

1981-يىل ئىيۇل، ئالتاي

# ئەنشى* قىزغا

ئىچىمدە بىر ناخشىنىڭ ئاۋازى بار،
يۈرىكىم ئايلاندىمۇ ئۈنئالغۇغا.
شۇ ئەننىڭ ۋەزنى بىلەن تولغىنىمەن،
ئۆرۈلۈپ ئاشىقلارچە مۇڭ-قايغۇغا.

سورايسەن مۇڭ-زارىمنىڭ سەۋدىۋىنى،
چۈشەنسەڭ، بىر چاغدىكى ئەن** ئەمەسمۇ.
«ئىچىڭگە جىن كىردىمۇ» دەيسەن تېخى،
ئەن بىلەن كىرىپ ئالغان سەن ئەمەسمۇ.

1981- يىل ئىيۇل، ئالتاي

---

* ئەنشى — قازاقچە ناخشىچى دېگەن سۆز.
** ئەن — قازاقچە ناخشا دېگەن سۆز.

# يۇرتۇمنى كۆرۈپ دېگەن گەپلىرىم

ئەي قەدىمجاي،
قورغاس بويلىرى —
كىندىك قېنىم تۆكۈلگەن تۇپراق،
سېنى سېغىنىپ كەلدىم يىراقتىن،
ھاياجاندىن «تەنلىرىم ياپراق».

•

ياش ئەگىگەن كۆزلىرىم بىلەن
باغرىڭغا تويماي قاراۋاتىمەن.
ئوچۇمۇمغا توپاڭنى ئېلىپ،
چوڭقۇر تىنىپ پۇراۋاتىمەن.

شۇ تاپتا ساڭا تامغان ياشلىرىم
ھالگە بەرگەنمىدۇ كىندىك قېنىمدىن.
ياكى سېنى پۇرىغان چاغدا
تونۇغانسەن تىنىقلىرىمدىن.

يا رەڭگىمگە قاراپ، تېڭىرقاپ،
بۇ چاساقال كىمدۇ دېدىڭمۇ؟
يا ئاۋازىم پەدە چاققاندەك —
جىغىلدىسا، تونالمىدىڭمۇ؟

مەن ئەمەسمۇ،
بىر چاغدا سەندە
تال چىۋىقنى ئات قىلىپ مىنگەن.
داقىراتما لەگلەك ئۇچۇرۇپ،
ئاسمىنىڭدىن ئۇن ئاڭلاپ كۈلگەن.

مەن ئەمەسمۇ،
«بويناق»نى باشلاپ،
چىغلىقلاردا توشقان قوغلىغان؟
«چاقام - چاقام، يىلان - پاقام» دەپ،
قايناملارغا تاقلاپ شۇڭغىغان.

مەن ئەمەسمۇ،
بىنەملىكلەردە
تەتۈر قاماپ ئۇما ئورۇغان.
چوڭ كىشىدەك،
ئاكامنى دوراپ،
ئاياق سىلىپ خامان سورۇغان.

مەن ئەمەسمۇ،
مەكتەپلىرىڭدە
ھەر مەۋسۇدە ئەلا ئوقۇغان؛
نەزمە - قوشاق شەيداسى بولۇپ،
ئون تۆت ياشتا قوشاق توقۇغان.

مەن ئەمەسمۇ،
جەينەكتەك تۇرۇپ،

هارۋا ھەيدەپ سەيسكە ماڭغان.
چاك كەتكەندە ھارۋا شوتىسى،
تەمتىرەپ يۈرۈپ پوتامدا تاڭغان.

مەن ئەمەسمۇ،
رەگەتكە بەتلەپ
سىپىل - پوتەيگە ئېتىپ ئوينىغان؛
نان - چاي توشۇپ پارتىزانلارغا،
چوماق كۆتىرىپ «ھۇررا» تووۋلىغان.

مەن ئەمەسمۇ،
قانچە قىلسىمۇ
زاھىت يولىغا زادى ماڭمىغان؛
«پوشكالچى بولغۇم كەلمەيدىكەن» دەپ،
خەلپىتەمدىن قارغىش ئاڭلىغان:

مەن ئەمەسمۇ
لۇتۇننى دوراپ،
قىزىل تۇرغا تەلپۈنۈپ ماڭغان؛
پەرۋا قىلماي سوغاق كۆلكىگە
شېئىرىيەت ئىشقىدا يانغان.

مەن ئەمەسمۇ،
ئادەملىگىمنى
چۈشەنگەن سىنىك پەرۋىشىڭ بىلەن؛

ئاخىر داغدام يولۇمنى تاپقان
سېنىڭ ئىملاپ، ئۈندىشىڭ بىلەن.

ھازىرقىدەكلا ئېسىمدە مېنىڭ
«خوش» دەپ قوينۇڭدىن ئايرىلغان كۈنلۈم.
بۇرۇتلىرىم ئەمدى خەت تارتقان،
غاراڭ - غۇرۇڭ چىقاتتى ئۈنلۈم.

تالاي يىللار ئۆتتى ئارىدىن،
يوقلاپ تۇردۇم دەسلەپتە پات - پات.
تولغان ئىدىڭ ھۆسنۈڭگە شۇندا،
بەخت گۈللۈك ئېچىلىپ قات - قات.

ئاھ،
ئارىدا قويۇنلار قۇتراپ،
سالدى ساڭا سورۇقچىلىقنى.
ۋەيران قىلدى پەرزەنتلىرىڭنى،
ئايرىغاندەك سۇدىن بېلىقنى.

«ئوغلۇم شائىر بولۇپ قاپتۇ» دەپ،
بىر مەھەل سەن قۇۋانغان ئىدىڭ.
بىراق تەتۈر شامال چىقىسلا،
چۈشۈك بۇزۇلۇپ، غېمىمنى يىدىڭ.

بەلكى مەلۇم بولغاندۇ ساڭا
تۆھمەت پەنجىدە بوغۇلغانلىغىم.

ھەتتا جىنايەت بولدى مەن ئۈچۈن
سېنىڭ قوينۇڭدا تۇغۇلغانلىغىم.

كۆرەلمىدىم سېنى تالاي يىل،
دىلنى ئۆرتىدى سېغىنىش، قاخشاش.
پالاندى بولۇپ يۈردۈم چۆلدىمۇ،
لاچىن سوقتان تۇشقانغا ئوخشاش.

ئاھ، قويغىنا،
ئۇنى ئەسلىسەك،
ئېچىشىدۇ ھەسرەتتىن يۈرەك.
يۇلۇنغىنىغۇ كۆلپەت يىلتىزى،
بۇزۇلدىغۇ نۇرغۇن چەمبىرەك.

كەلدىم بۈگۈن قوينۇڭغا يەنە،
تارتمىدى مېنى ھېچكىم گۇناغا.
بارلارنى يوقلاپ،
يوقلارنى يادلاپ،
قول كۆتەردىم مەنمۇ دۇئاغا.

دىدارىڭغا قانمىدىم يۇرتۇم،
باققانسېرى باققۇم كېلىدۇ.
مېھرىڭ سىڭگەن باغرىڭنى ساڭا
ياققانسېرى ياققۇم كېلىدۇ.

ئاتام - ئانام دەپسىگەن يەردىن
توپا تۇگدۈم ياغلىغىمغا مەن.

ئاپىرىپ تۆكۈپ ئۆيۈم ئالدىغا
ئۈندۈرىمەن ئۇندىن گۈل - چىمەن.

مېنى بەزلە سۆيۈملۈك يۇرتۇم،
ئۆكسۈمە سەنمۇ ئەسلەپ ئەلەمنى.
«يەر باغرى سوغاق، ئۇنتۇلۇپ كېتەر»،
ئۈمىتۋارلىق باسىدۇ غەمنى.

كۆتەردۇقتۇ قايتىدىن يەنە
قۇتلۇق سەپەرنىڭ تۇغىنى ئەمدى.
ئەڭ ياخشىسى،
ئادالايلى
سورۇقچىلىقنىڭ دېغىنى ئەمدى.

1981 - يىل 17 - سېنتەبىر، قورغاس - غۇلجا

# يانبۇلاق

## 1

يامۇلدىن قىچىپ چىقىپ،
ياتقان يېرىم يانبۇلاق،
خۇدايىمدىن تىلەيمەن
ماڭا بەرسە بىر ئۇلاق

— سادىر پالۋان قوشىغى

يانبۇلاق، يانباغرىدىن چىققان بۇلاق،
كۆزى كۆزدىن نېرىراق، پىنھان بۇلاق.
قەھرىمان سادىر بوۋام يامۇل تېشىپ
قاچقىنىدا باشپانا بولغان بۇلاق.

شۇندا ئۇ كەلگەندە بويۇڭغا يېتىپ،
بەلكى ئىچكەندۇ سۈيۈڭنى دوم يېتىپ.
تۈنگەندۇ يا يۇيۇپ يۈز - كۆزىنى،
يولغا چۈشكەندۇ ئۆزىنى سەگىتىپ.

شۇ پېتى ئۇ قار كېچىپ، داۋان ئېشىپ،
دەۋرىگە ئۆچمەنلىگى قايناپ - تېشىپ.
زورلاۋانلاردىن قىساس ئالغان ئىدى،
كۆيدۈرۈپ يامۇلنى ھەم سېپىل تېشىپ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ۋاي ئىسىت، تەييارغا شېيخلار دەستىدىن،
شوم بولاڭچى ھەممە ساتقۇن قەستىدىن،
كەتتى سادىر ئەجرى توزاڭدەك توزۇپ،
كەتمىدى لېكىن زۇلۇم ئەل ئۈستىدىن.

ئاردىن كەتتى تالاي يىللار ئۆتۈپ،
ئەچچە ئەۋلاتنى قارا تۇپراق يۇتۇپ.
ئەمما ياڭراپ تۇردى سادىر ناخشىسى،
كەتمىگەچ ئازاتلىق ئارزۇسى يۇتۇپ.

يانبۇلاق، كەلدىم بويۇڭغا مەن بۈگۈن،
مەن ئەمەس قاچقۇن بولۇپ كەلگەن بۈگۈن،
بۇندا جاڭجۇن يامۇلىدىن يوق ئەسەر،
سادىر ئەۋلادى ئەمەس دەردمەن بۈگۈن،

قىلغىلى كەلدىم تاۋاپ، ئەي يانبۇلاق،
مەقسىدىم — سادىر ئىزىنى يوقلىماق.
سۇ ئىچىپ سەزدىم ئۆزەمنى بۇندا مەن
خۇددى بولغاندەك بوۋامغا ھەمتاۋاق.

سەن كۆرۈندۈڭ، يانبۇلاق، ئەينەك بولۇپ،
تۇردىمەن سادىرنى كۆرگەندەك بولۇپ.
مەن پۈغانسىز ناخشا ئېيتسام ئالدىدا،
كەتتى يايراپ چېھرىسى گۈلدەك بولۇپ.

## 2

ئېلىمدىن كۆچۈپ چىقىپ
يانىبۇلاقتىن قايرىلدۇق.
تۇغۇلۇپ ئۆسكەن جايلاردىن
ئۆلمەي تىرىك ئايرىلدۇق،

— كۆچ - كۆچ ناخشىسى

ئۆتكىنىمدە يان بۇلاقتىن قايرىلىپ
خۇددى بىر ناخشا يىراقتىن ئاڭلىنىپ،
ئوي - خىيالىم كەتتى يۈز يىل ئالدىغا،
تىلدىغۇ باغرىمنى بىر ھەسرەت كېلىپ.
بۇ ئەمەسمۇ ئاشۇ كۆچ - كۆچ ناخشىسى،
ئىڭىشىغاچ مۇڭ - زارىدىن ئالدىم بىلىپ.
ناخشىنى ئېيتقان ئاشۇ كۆچمەنچىلەر
ياش تۆكۈپ كەتكەن ۋەتەندىن ئايرىلىپ.
ماختىماڭ بۇنداق جۇدالىقنى پەقەت،
تىللىماڭ كۆچمەنچىنى بەتنام قىلىپ.
بۇ جۇدالىقنى، بۇ مۇدھىش خەيلىنى
شۇ زامان ئۆتكەنلىرى كەلگەن ئېلىپ...
بەس كۆڭۈل، ئالدىڭغا باق، دەۋرىڭ ئۇلۇغ،
قالمىغىن ھەسرەت بىلەنلا چىرمىلىپ.
ئەل كۆچەيسە بولمىغاي سەرسانچىلىق،
يۇرمىگەي پۇقراسى ھەريان تاسقىلىپ.
چىقمىغاي ھېچ ئەمدى كۆچ - كۆچ ناخشىسى،
خەق تاماشا قىلمىغاي دۇمباق چېلىپ.

1981 - يىل سېنتەبىر، قورغاس

# تەۋەرۈكنى كۆرگەندە

(«تۈركى تىللار دىۋانى»نىڭ ئېلىمىزدىكى تۇنجى نەشرىگە بېغىشلاپ)

بۈگۈن قايتا ئۆز يۇرتىدا تۆرەلدى
بۈيۈك «دىۋان» ـ قەشقەر جاھاننەماسى.
چاقنىماقتا ئەۋلاتلارنىڭ ئىلكىدە
ئەجداتلارنىڭ دۇردانىلىق مىراسى.

ياقىسىنى تۇتۇپ قالار كۆرگەنلەر
يولۇقتاندەك تىلسىماتتەك غەزنىگە.
تەمتىرەيدۇ تەڭداش ـ ئۆلچەم ئىزدىشىپ،
غەزنىدىكى جاۋاھىرلار ۋەزنىگە.

دەيدۇ ھەممە: مۆجىزىدەكەن بۇ «دىۋان»،
قانداق ئادەم، قانداقلارچە پۈتكەندۇ؟
ئەسىرلەرنىڭ ئەقلى لال بۇ ئەمگەككە
بىر ئادەمنىڭ ئۆمرى قانداق يەتكەندۇ؟

مەلۇمكى، تىل مەيدانىدا قەشقەرنىڭ
باغدات بىلەن چۈشكەنلىگى بەيگىگە.
جەۋلان قىلىپ شۇندا مەھمۇت چەۋەنداز
شەرەپ ئېلىپ كەلگەن تاۋغاچ مۈلكىگە.

ۋەتەندىشىم، پەخىرلەن بۇ «دىۋان»دىن،
ئۇ تەۋرۈك بىلىم كانى ئەمەسمۇ؟
دەۋرىمىزدە ئۇنى ئوقۇپ چۈشەنسەك
مەرىپەتنىڭ بىر ئۇنۋانى ئەمەسمۇ؟

باھار كېلىپ، يېڭىۋاشتىن چاقنىدى
ئەجدادلارنىڭ ئەقىل - بىلىم جەۋھىرى.
گويا بۈگۈن ئوقۇماقتا لېكسىيە
زامانىمىز مۇنبىرىدە قەشقەرى.

ئۇيغۇرلارمۇ ئەمەس كومۇش ئەۋلادى،
مىسنى ئالتۇن قىلالايدۇ گۈل قولى.
چىقىپ كېلەر يېڭى - يېڭى قەشقەرى،
ئامان بولسا تەكشى ئېچىلماق يولى.

1981 - يىل 1 - ئۆكتەبىر، ئۈرۈمچى

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# مۇقام

سازچى ياڭراق سازىدا قىلسا سېنى ناخۇن، مۇقام،
جان قاناتلانغاي شۇئان بولغاچ ساڭا مەپتۇن، مۇقام.
سەن بىلەن دائىم ئۆمۈر گۈلزارىمىز گۈلگۈن، مۇقام،
دىلغا ئاتەشتەك ھارارەت بەرگۈچى يالقۇن مۇقام.
ئاھ مۇقام، ئوتلۇق مۇقام، گۈلگۈن مۇقام، ئالتۇن مۇقام.

سەن ئۈچۈن چىقتى ساتار، تەمبۇر، فارابى قالۇنى،
قوشتى نەغمەڭگە ناۋا ساھىر * ناۋايىنىڭ ئۈنى،
تىزدى مارجاندەك قىدىرخان ھەم رەشت، خانىش سېنى،
سەندە بار بىرنەچچە مىڭ يىلنىڭ مۇسىقى مەزمۇنى،
نەغمىلەر سورۇندا ئورنۇڭ شۇڭا ئۈستۈن مۇقام.

سەندە كۆيلەيدۇ كۆڭۈل كۆيىنى ئۇيغۇر مىللىتى،
سەندە ياڭرايدۇ ئۇلۇغۋارلىق، پەرزىلەت رىغبىتى،
سەندە روشەن سۆيگۈ ئەھلىنىڭ مۇھەببەت ـ نەپرىتى،
سەندە ئۇرغۇيدۇ ئازاتلىق ئاشىقىنىڭ جۈرئىتى،
سەن ئازاتلىق ھەم گۈزەللىك ئىشقىغا ئۇيغۇن مۇقام.

ھەر مۇقامنى خۇددى بىر دەريا دىسەك، كۆپ تارمىقى،
ئاقىدۇ شەرۋەت ئۇنىڭدا ھەمدەم ھار سۈت ـ قايمىقى.

---

* ساھىر ــ ئەرەپچە «سېھىرگەر» دىگەن سۆز. بىراق ئۇنىڭ ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغان ھۈنەرۋەن، ئاجايىپ سەنئەتكار دىگەن مەنىسىمۇ بار.

هەر مۇقامنى بىر دەرەخ دىسەك، ئۇنىڭ كۆپتۇر شېخى،
كۆزلىردىكنى چاقنىتار، هەرشاختىكى گۈل - ياپرىغى،
جانغا راهەت، دىلغا ئارام مۇڭسى نۇرغۇن مۇقام.

هەممە ئادەم ئىنتىزار ساز ئوكشىلىپ باشلانغىچە،
ئويغا چۆمگەي بىر هازا «چوڭ نەغمە»گە ئاتلانغىچە،
دىل گويا دەريا بولۇپ ئۆركەشلىنەر «داستان»غىچە،
ئېيتسا بىر داستانىمۇ پۇتمەيدۇ هەتتا تاڭغىچە،
«مەشرەپ»ى ئۆندەر ئۇسۇلغا، پەيزى مول، جوشقۇن مۇقام.

سەندە ياڭرايدۇ خەلقىنىڭ ئەڭ ئىسىل كۈي - نەزمىسى،
بارچە ئۇيغۇرنىڭ سېنىڭسىز قىزىماس توي - بەزمىسى.
سەن خەلقىنىڭ بىباها، رەڭدار، ئۇلۇغۋار غەزنىسى،
سەن بىلەنمۇ ئۆلچىنەر ئۇيغۇر دىگەننىڭ ۋەزنىسى،
ئېسى بار ئادەم سېنى هەرگىز دىمەس يوچۇن مۇقام.

بىر مەهەل سەن تاشلىنىپ ئەخلەتكە، بولدۇڭ زەپمۇخار،
يىغلىدى خەلقىم سېنىڭ هىجرىڭدە قاخشاپ زار - زار.
شۈكرى ئەمدى سېنى قۇتقۇزدى زامانەم غەمگۇزار،
قايتىدىن چىقماقتا تۇرداخۇنغا ئوخشاش ئىز باسار،
ئەمدى يايرا، سەن ئەمەس مەڭگۈ سېرىق، تۇتقۇن مۇقام.

ئەي مۇقام، ساز ئوردىسىنىڭ بەكمۇ كۆركەم قەسرى سەن،
مۇرغىزارنىڭ زىننىتى، گوياكى بۇلبۇل، قۇمرى سەن.
خەلقىمىزنىڭ مېهرى سەن هەم قەهرى سەن هەم پەخرى سەن،
سەندىن ئايرىلمايدۇ ئەل، چۈنكى ئۇنىڭ ئۆز ئەجرى سەن،
سەن گويا لەيلى، سېنىڭ ئىشقىڭدا ئەل مەجنۇن، مۇقام.

www.uyghurkitap.com

ئەي مۇقام، كەلدى زامانەڭ باشقىدىن نۇر ياغدۇرۇپ،
يېڭى ئەۋلاتلار كۆيۈڭنى تېخىمۇ جانلاندۇرۇپ،
تەنتەنەڭگە تەنتەنە قوشقۇسى زىننەت قوندۇرۇپ،
چالدۇرار ئالقىش - چاۋاك ئالەمنى هاڭ - تاڭ قالدۇرۇپ،
ياپقۇسى ئىنسانىيەت شەنىڭگە شاهى تون، مۇقام.

1982 - يىل 22 - فېۋرال، ئۈرۈمچى

## گاچا دەپ قالغانمىدۇ؟

مىڭ جاپادا خالىدا تاپسام ئۇنى،
ۋاي ئىسسىت، قاچتى جىمى تاپقان سۆزۈم.
سېھىرلەنگەندەك ئۆزۈمنى ئۇنتۇدۇم،
چىرمىغاچ كۆڭلۈمنى بىر سىرلىق سېزىم.

چىقمىغاچقا مەن ھودۇققاقتىن زۇۋان،
ئۇمۇ كەتتى مەلە ياققا يول ئېلىپ.
ئوت - پىراقتىن تېخىمۇ كۆيدى ئىچىم،
بىر قاراپ كۈلگەن ئىدى ئۇ قايرىلىپ.

يارنى دەسلەپ تاپسا شۇنداق خالىدا،
ھەممە ئاشىق مەن كەبى بولغانمىدۇ؟
ئاھ، ئەجەپ غەش بولدىغۇ كۆڭلۈم مېنىڭ،
مېنى ئۇ، دۆت - گاچا دەپ قالغانمىدۇ؟

1982 - يىل 12 - ئاپرېل

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى
www.uyghurkitap.com

## قامچىنىڭ نە ھاجىتى ياخشى ئاتقا

تېزلىپ چەۋەندازلار قاتار سەپكە،
ئات سالدى يەلپۈللىگەن توغ تەرەپكە.
كىم بۇرۇن كەلسە ئۈزۈپ شۇ بەيگىدىن،
پەللىدە چۆمۈلدۇ شان - شەرەپكە.

بەزىلەر قامچىغىلا زورلىغاچقا،
ئاتلىرى چۈشتى سولۇپ پۇشۇلداشقا.
بىر قېتىم قامچا يېمەي چەۋەندازدىن،
بەيگىدە ئۈزۈپ چىقتى جىرەن قاشقا.

ئېسىمگە كەلدى شۇ چاغ شۇ بىر ماقال:
«قامچىنىڭ نەھاجىتى ياخشى ئاتقا».
«بەيگىنىڭ ئالدى» دېگەن شەرەپلىك نام
باغلىقكەن پەرۋەرىشكە، ئىجتىھاتقا.

1982 - يىل ئىيۇن، موڭغۇلكۈرە

# ناخشا ئېيتەپ ئەركە تۇتتى موڭغۇل قىزى

چىرايلىق بايىنبۇلاق يايلىغىدا
ناخشا ئېيتىپ ئەركە * تۇتتى موڭغۇل قىزى.
مەن نىچۈن ئىچمەي ئۇنى،
ئىچ دەپ تۇرسا
ناخشىسى ھەمدە ئۇنىڭ خۇمار كۆزى.

ناخشا ئېيتتىم مەندۇ، كۆزۈم خۇمارلاشتى.
بۇ ئەمەس ھەرگىزمۇ مەيپەرەسلىكتىن.
مەس قىلغان ئىكەن دوستلۇق مۇھەببىتى،
سەگىيدۇ دىمەڭ مېنى بۇ مەسلىكتىن.

1982 - يىل 13 - ئىيۇل، بايىنغۇلىن

* ئەركە — موڭغۇللارنىڭ سۈت ھارىقى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# ئوخرىد بويى

ئوخرىد بويى ــ
ستروگا باغرى،
سىياقىڭدىن شېئىر يېغىپ تۇرىدۇ.
بۇندا ئېچىلغان جىمى ئېغىزدىن
گويا شېئىر تېمىپ تۇرىدۇ.

دەرەخلەرنىڭ ئىغاڭلىشىدىن،
يوپۇرماقلارنىڭ شىلدىرلىشىدىن،
كۆل ـ دەريانىڭ ئۆركەشلىشىدىن،
تورغايلارنىڭ ۋىچىرلىشىدىن
گويا شېئىر ياغراپ تۇرىدۇ.

غۇر ـ غۇر ئىللىق شامالدىن،
ھەر ياڭزا گۈل ـ چېچەكلىرىدىن،
شاخلاردىكى يېمىشلىرىدىن،
داستىخاندىكى گېزەكلىرىدىن
گويا شېئىر پۇراپ تۇرىدۇ.

قىزلارنىڭ قوروقلىرىدا،
باللارنىڭ قىلىقلىرىدا،
يىگىتلەرنىڭ بوروتلىرىدا،

قىز - چوكانلارنىڭ قاش - كۆزلىرىدە،
لەۋلىرىدە،
زىناقلىرىدا
گويا شېئىر ئۇيناپ تۇرىدۇ.

سەن گۈزەللىك ئۈلگىسىمۇ؟
سەن شېئىرىيەت سەھنىسىمۇ؟
سەن شائىرلار كەبىسىمۇ؟
ساڭا كەلگەن شائىرلارنىڭ
زوق - ئىلھامى قايناپ تۇرىدۇ.

بۈگۈن يەنە قوينۇڭغا كەلدى
چۈ يۈەن پۇشتى،
ھەم قوشۇلۇپ يۈسۈپ ئەۋلادى،
گۈزەللىككە قانمىدۇق زادى.
خۇددى بۇلبۇل بولۇپ كۆڭلىمىز
خەندان ئۇرۇپ سايراپ تۇرىدۇ.

شېئىر مىسراسى — يۈرەك رىشتىسى،
چەكدى ئۇلارنى دوستلۇق ئەھدىسى.
پاھ،
نەقەدەر ھوزۇر،
بۇ سورۇننى شۇنداق سۈرەتلەش:
خۇددى ماكېدونچە —
چەمبىرەك ئۇسۇلىغا ئوخشاپ تۇرىدۇ.

(ماكېدونىيە) ستروگا، ئاۋغۇست، 29 - يىل 1982

www.uyghurkitap.com

## دىرىم كۆۋرۈكى ئۈستىدە

تىنىق دىرىم كۆۋرۈكىنىڭ ئۈستىدە
بەش يۇلتۇزلۇق قىزىل بايراق ئالدىدا،
ئالقىشلاندىم شېئىر ئوقۇپ ئۇيغۇرچە،
ھەرخىل مىللەت، ھەر خىل ئايماق ئالدىدا.

ھاياجاندا يانغىنىمدا مۇنبەردىن
ئىستانىسكو* ئۆز ئورنىدىن دەس تۇرۇپ،
«پراۋا»** دەپ مەھكەم قىستى قولۇمنى،
تازىم قىلدى ئارقىدىن قول قوشتۇرۇپ.

ماڭا مەلۇم، بۇ ئالقىشنىڭ مەنىسى—
ۋەتىنىمگە، شېئىرىيەتكە مۇھەببەت.
بۇ مۇھەببەت ماڭا ھوزۇر بەخش ئەتتى،
ۋەتەن، شېئىر غۇرۇرۇمدۇر تائەبەت.

1982 - يىل 28 - ئاۋغۇست، سترۇگا

---

* نىكىتا ئىستانىسكو — ئاتاقلىق رۇمىنىيە شائىرى. ئۇ 1982 - يىللىق سترۇگا شېئىرىيەت بايرىمىدا ئالتۇن مېدال بىلەن مۇكاپاتلانغان، بۇ سورۇننىڭ بىرىنچى پەخرىي ئادىمى.

** «پراۋا» — رۇمىنىيچە «يارايدۇ» دېگەن سۆز.

## پەلەستىن شائىرى شېئىر ئوقۇدى

بالقاندىكى ئوخرىد كۆلى بويىدا،
قەدىمىي سوفىيا مۇناستىرىدا
پەلەستىن شائىرى شېئىر ئوقۇدى،
بىر شېئىر تۇغۇلدى مۇشۇ توغرىدا.

پەلەستىن شائىرى شېئىر ئوقۇدى،
يېزىلغان بۇ شېئىر قىزىل قان بىلەن.
گوياكى زۇلپىقار ئۇنىڭ قەلىمى،
جەڭ قىلماقتا ئۆكتەم ـ زوراۋان بىلەن.

ئۇنىڭ ساداسىدىن ئاڭلىدىم ئېنىق،
يالماۋۇز قاتىللار جىنايىتىنى.
ئاڭلىدىم بومبىنىڭ پارتلاشلىرىنى،
ئاڭلىدىم سەرسانلار شىكايىتىنى.

ئوخشاتقۇم كېلىدۇ گويا جەڭچىگە
شېئىر قۇرىدىكى ھەربىر ھەرپىنى.
قايتۇرۇپ ئېلىشقا ئانت ئىچكەن ئۇلار
ئۆز ئانا يۇرتىنى،
قۇددۇس شەھرىنى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

شېئىرنىڭ سەرلەۋھە، نەقىراتلىرى
ئوخشايدۇ قەھرىمان سەركەردىلەرگە.
قورشاۋلار ئىچىدە،
چېكىنىشلەردە
تۇغ بولۇپ قوشۇننى باشلار زەپەرگە....

پەلەستىن شائىرى شېئىر ئوقۇدى،
ھېچ ئادەم قالمىدى چاۋاك چالمىغان.
بەلكى بۇ مۇناستىر
بۇنداق مەنىلىك —
چاۋاكنى ئەزەلدىن ئاڭلاپ باقمىغان.

بۇ چاۋاك ئالقىشتۇر ھەققانىيەتكە،
بۇ چاۋاك لەنەتتۇر ئۆكتەم جوھۇتقا.
بۇ چاۋاك تارىخنىڭ ئىرادىسىدۇر،
ئۇ ھەققانىيەتنى تەختكە چىقىرىپ،
تارتىدۇ ئاخىرى ئۆكتەمنى سوتقا.

1982 - يىل 30 — 31 - ئاۋغۇست، ستروۇگا - ئىسكوپىيە

## گۈل

بىلەيى پولىيە شەھرىدە
جۇشقۇنلۇق شېئىرىيەت ئاخشىمى
قىزىلار ھەم ياشلار ئالدىدا
ئوقۇدۇم «تۆگىمەس ناخشا»نى.

قىزىلار كۈلۈشتى زوقلىنىپ،
كۈلكىدىن پۈرۈشتى يۈزلىرى.
گۈل تۇتۇپ يۈگرۈشتى ئالدىمغا
بىر تۈركۈم قارا تاغ قىزلىرى.

ئالقىشلار ئىچىدە گۈل تۇتتى،
يۈزلىرى يۈزۈمگە يانداشتى.
تولدۇرۇپ كۆكسۈمگە گۈلدەستە
ھەم ئىككى مەڭزىمگە گۈل باستى.

چۈشەندىم بۇ گۈلنى دوست ئەلنىڭ
جۇڭگولۇق قەلبىگە مېھرى دەپ.
چۈشەندىم بۇ گۈلنى شېئىرىمغا
بېسىلغان رازىلىق مۆھرى دەپ.

1982 - يىل 3 - سېنتەبىر، قارا تاغ
رېسپۇبلىكىسى بىلەيى پولىيە شەھرى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

# تارا كۆۋرۈگى

يۇگوسلاۋىيەنىڭ «كۆۋرۈك» دېگەن
كىنو فىلىمىدىكى تاراكۆۋرۈگىنىڭ
ئەسلىگە كەلگەن قىياپىتىنى كۆرگەندىن
كېيىن...

ئىگىزلىكتە تارا كۆۋرۈگى
ياۋروپادا ئىككىنچى كۆۋرۈك.
بىر يۈز سەكسەن مېتىر كېلىدۇ
ئۇنى قوندۇرۇپ تۇرغان ھەر تۈۋرۈك.

يۇگوسلاۋىيە ئۆز قولى بىلەن
مىڭ بىر جاپادا ياسىغان ئۇنى.
كېيىن يەنە ئۆز قولى بىلەن
پارتلىتىپ بۇزۇپ تاشلىغان ئۇنى.

ئۆزى ياسىغان ئىسىل نەرسىنى
بۇزۇشقا قانداق قىيغاندۇ كۆزى؟
جاۋاپ بەردى قېرى. پارتىزان
(شۇ بۇزۇشقا قاتناشقا ئۆزى):

ئاشۇ ھايات ـ مامات پەيتىدە
نىمە ئىدى بۇنچىلىك زىيان.

چۈنكى ئۇزمەي فاشىست يولىنى،
ئازاتلىق يولى بولمايتتى راۋان.

كۆۋرۈك قانچە ئىسىل بولسىمۇ،
ئۇنىڭدىن مىك ئەلا ئازاتلىق.
ئازاتلىق ئۇنى تىكلىدى يەنە،
ئازاتلىق ئەلگە بەردى ئاۋاتلىق.

1983 - يىل 5 - سېنتەبىر، بلەيى پولىمە

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرگە ئادرېسى

## سىنچىنىڭ سۆزى

رەڭگىدىن كۆڭلىنى بىلمەكلىك قىيىن،
يۈزىنى يۇيغانىنىلا پاكىز دىمە.
سىنچىلاشنى بىلمىسەڭ، ھۆكمىڭ خاتا،
كۆرگىن ئايرىپ، «سانىماي سەككىز دىمە».

ئوخشمايدۇ دەل ـ دەرەخنىڭ بارلىغى،
مىۋىگە كىپىل بولالماس ياپرىغى.
كىملىگىدىن بەلگە بەرمەس قالپىغى،
قالپىغى چوڭ بولسىلا قىرغىز دىمە.

قەھرىمانمۇ تېرە تاراقلاتقىنى؟
ئىچى كاۋاك نەرسىنىڭ كۆپ شاۋقۇنى.
چوغ ئەگەر پىشسا، چىقامدۇ ئۇچقۇنى؟
ھەيۋىسىز بولغانىنىلا ئاجىز دىبە.

قۇدرىتىڭ چەكلىك، مەدەتكار بولمىسا،
ئۇزلىغىڭ چاغلىق خېرىدار بولمىسا،
گەرچە سورۇندا تەلەپكار بولمىسا،
سۆزۈڭ ئالتۇن بولسىمۇ، ھەرگىز دىمە.

ئىتتىاندۇر ئات ئۈچۈن مۈشكۈل سەپەر،
مەرت بىلەن نامەرتنى ئايرىيدۇ خەتەر.
تويدا بار، ماتەمدە يوقتىن قىل ھەزەر،
ئۈندىن ھېچ ئىنسانىي خىسلەت ئىزدىمە!

١٩٥٥ - يىل

# ئەمدى

ئەسسىت، ياشلىق گۈلۈم توزدى ھەۋەستىن، پەندىيات ئەمدى،
پۇشايماندىن ئۆزەم ئۇردۇم يۈزۈمگە مىڭ كاچات ئەمدى.
ئۆمۈر تىللاسىنى بىنەپ بازاردا سانىماي خەجلەپ،
سۇنئۇق يارماققا زار بولدۇم، مېنىڭ سودام كاسات ئەمدى.
كېچە مەيخانىدا «ھە - ھۇ» دېيىشكەنلەر قايان كەتتى،
«سۆيۈملۈك مەرت يىگىتكەنسىز» دىگەنلەر ماڭا يات ئەمدى.
ھايات شەترەنجىسىدە لاپ ئەمەس، لازىم ئىكەن ئىدراك،
بولۇپ قالدىم كۆرەڭلەپ ئالدىراپ «شاھ» دەپلا مات ئەمدى.
تالاي تەگتۈشلىرىم ئۇچتى سامادا خۇددى شۇڭقاردەك،
تېپىرلايمەن نىچۈن يوق دەپ ماڭا شۇنداق قانات ئەمدى.
دىدىم شۇندا: بۇ دۇنياغا نىچۈن كەلدىم، كېتەي قانداق،
زامانىنىڭ ئىمتىھانىدىن قېچىپ ئۆتمەك ئۇيات ئەمدى.
پۇشايمانىم ماڭا شۇنداق دىدىكى: مەرىپەت ئىزلە،
پەقەت كۆتمە ھەۋەستىن، خام خىيالدىن ئىلتىپات ئەمدى.
كېچىكسەممۇ ھاياتنى باشقىدىن باشلاشقا بەل باغلاي،
ماڭا بەرگەي نىجاتلىق ئۇشبۇ يولدا ئىجتىھات ئەمدى.

1983 - يىل باھار، ئۈرۈمچى

# تەشەككۈر

ئەسكىشەھەردە تۈركىيە فولكلور كۆرگەزمىسىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدا ۋالى ئۆمەر خالىل ئوغلو مېنى لېنتا كېسىشكە تەكلىپ قىلدى. ئۇنىڭ ھۆرمىتىگە جاۋابەن بۇ شېئىرنى يازدىم.

تەشەككۈر ۋالى، تەشەككۈر سىزگە،
تەشەككۈر، ساھىپخان ھۆرمىتىڭىزگە.
تەشەككۈر، قولۇمغا قايچا تۇتقۇزۇپ،
لېنتا كەس دېگەن دەۋىتىڭىزگە.

ھاياجان ئىلكىدە ئالدىم قايچىنى،
لېنتا كېسىلدى،
ئىشىك ئېچىلدى،
ھەممە ياندىن ياڭرىدى ئالقىش،
ئۈستىمىزگە چېچەك چېچىلدى.

لېنتا ئۈزۈلدى ئالقىش ئىچىدە،
چۈنكى بۇ ئۈزۈش—
باغلاش ۋاستىسى.
ئۈزۈلگىنى—راۋانلىق دېمەك،
باغلانغىنى دوستلۇق رىشتىسى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

دوستلۇق رىشتىسى — كۆڭۈل رىشتىسى،
ئىككى ئۇچى ئىككى تەرەپتە.
بىر يۈرەك بېغىچىدەك،
بىرسى ئەنقەرە،
ھەر ئىككىسىگە دوستلۇق كېرەكتە.

لېنىنلار كېلىپ دوستلۇق ئىلكىدە،
ئېچىلار دوستلۇق ئىشىكى داغدام.
دوستلۇق — جاھاننىڭ ئەڭ چوڭ راھىتى،
دوستلۇق زامانى — ھەمىشە بايرام.

*

تەشەككۈر ساھىپخان، تەشەككۈر سىزگە،
تەشەككۈر تۈركىيە ھۆرمىتىڭىزگە.
بېغىشلىدىم مىسرالىرىمنى
راۋان دوستلۇق رىشتىسىنى چىڭ —
باغلايلى دېگەن دەۋىتىڭىزگە.

1983 - يىل 9 - ماي، تۈركىيە ئەسكىشەھىرى

# يىراقتىن خەت

(بىر مۇساپىر ۋەتەنداش نامىدىن)

ئانا يۇرتۇم، سېغىندىم سېنى،
سەنمۇ بالام دەپ ئەسلەمسەن مېنى؟
مېنى سورىساڭ، خەقنىڭ يۇرتىدا،
باغرىم كاۋاپ يىراق ئوتىدا.
مەن تاڭ ئالدىدا يولدىن ئاداشقان،
ئېزىتقۇغا ئەگىشىپ قاچقان.
مېنىڭدىن ئاجراپ ھەريان باش ئۇرۇپ،
مۇساپىر ئۈچۈن تەلەي ئاختۇرۇپ،
كەزدىم، يولۇقتۇم ياخشى-يامانغا،
گاھى ھايانغا، گاھى زىيانغا.
غۇربەتچىلىكنىڭ مۈشكۈللۈگىدىن،
ئۆزەمنىڭمۇ ئەپچىللىگىدىن،
خۇددى تاشتىن ئۈنگەن گىيادەك
ياكى تەلۋە ئۇرغان شىنادەك
گاھى ئۆرلەپ، گاھى تولغۇنۇپ،
گاھى شۇڭغۇپ، گاھى يۇلقۇنۇپ،
گاھى داجىپ، گاھى تىرىكشىپ،
گاھى يىقىلىپ، گاھى تىرمىشىپ،
ھۈنەرلىك بولۇپ ئوقەتمۇ تاپتىم،

بايلارغا خاس سۆلەتمۇ تاپتىم.
باغ ـ ۋاراناق ئۆيۈم ھەشەمەتلىك،
بىسات، زىننىتى قىلمايدۇ كەملىك.
لېكىن بولمىغاچ ئانا يۇرت، ياران،
كۆڭلۈم ئۆيىدە ھۇۋلايدۇ بوران.
بولسىمۇ ياقۇت زۇننار ئېسىقلىق،
بوينۇم مېنىڭ ھامان قىسىقلىق.
بۇندىكى نى ـ نى ئويۇن كۆرگەزمە،
ياكى شاھانە زىياپەت ـ بەزمە،
دەبدەبىلىك بولسۇن قانچىلىك،
مەن ئۈچۈن يوق مەشرىپىڭچىلىك.
بۇندا قايناتتى گېزەك زەردەمنى،
سېغىنىمەن دوغاپ، گىردەڭنى.
بۇندا ئازادە لۆم ـ لۆم تۆشەكتە
سېزىمەن تەننى گويا چۈشەكتە.
بولسىمۇ ماموق ياستۇغۇم پۈزۈر،
كېسىگىڭدەك بەرمىدى ھوزۇر.
چۈشۈمدە كۆرىمەن لەززەتلىرىڭنى —
سەيلىلىرىڭنى، مەشرەپلىرىڭنى،
گۈللۈك ھويلا ـ ئاراملىرىڭنى،
چۆمۈشلەر چۈشكەن باراڭلىرىڭنى،
قوغۇنلۇق ھەم باغچىلىرىڭنى،
شېكەر سۈيى، كۆكچىلىرىڭنى،
بادام، ئەنجۈر، گىلاسلىرىڭنى،
ئۈزۈم، ئانار، توغاچلىرىڭنى،
پوچۇلىغان كۆكۋاشلىرىڭنى.

چامغۇر سالغان سۇيقاشلىرىڭنى،
پىژىلداپ تۇرغان كاۋاپلىرىڭنى،
شىرىن مۇسەللەس - مەيزاپلىرىڭنى،
باغلىرىڭنىڭ بۇلبۇللىرىنى،
راۋاپلىرىڭنىڭ مەرغۇللىرىنى،
جەۋلان قىلغان ئۇسۇللىرىڭنى،
مېھماندوستلۇق يوسۇنلىرىڭنى ...
ئاھ، شۇ چۈشلىرىم بۇزۇلمىسىدى،
بەلكى ئۇ مېنىڭ ئۇيقۇم بولسىدى ...
ھەركىتىمدە ئۇيقۇلۇق مەززە يوق،
ئارامىمنىڭ راھەت پەيزى يوق.
سېنىڭ قويىنۇڭدا ئۇخلىغان ناخشام،
ماڭا ھەمرا ئۇيقۇسىز ئاخشام.
ئوقۇيمەن ئۇنى ئۇيقۇسىز ئارانلا،
شۇمۇ كۆڭلۈمگە بىر ئاز تەسەللا.
تۇرنىلاردىن سورايمەن سېنى،
شامالدىن پۇرايمەن سېنى.
سەن تەرەپتىن ئالسام خەت - خەۋەر،
ياكى كەلسە بىرەر ھەمشەھەر.
سېنى كۆرگەندەك راھەت ئالىمەن،
قىن - قىنىمغا سىغماي قالىمەن.
ھالىڭ ئالدىمدا بولدى نامايان،
ئىلكىگە ئالدى مېنى ھاياجان.
قوۋاندىم يېڭى قىياپىتىڭدىن،
قوۋاندىم بەخت - سائادىتىڭدىن.
قوۋانسام گەرچە بىر جەھەتتە مەن،

بىر جەھەتتە خىجالەتتە مەن.
ئىسىت، قايمۇقۇپ ئىغۋا - ئۆسەكتىن.
ئالتۇننى پەرق ئەتمەي تېزەكتىن،
قالدى سېنى ئاسارەتتە دەپ،
ۋىجدانى خورلۇق، ھاقارەتتە دەپ،
قىزىل تۇغۇڭنى لەنەتلەپتىمەن،
توۋا قىلدىم، ئەجەپ دەپتىمەن...
ئانا يۇرتۇم كەچۈرگىن مېنى،
يېڭىۋاشتىن چۈشەندىم سېنى.
چۈشەندىم تاڭنى كۈتكەنلىكىڭنى،
ئاڭا قانداق يەتكەنلىكىڭنى.
ئۆزەڭ تاللىغان يولغا ساداقەت
ۋە ئۇنىڭدىن تاپقان جاسارەت
بىر ئاچ جاپانى يەڭگەككە قادىر،
يېتەي دەپسەن مەنزىلگە ئاخىر.
قايىلمەن ھالال ھالاۋىتىڭگە،
كۆڭۈل ئارامى ئادالىتىڭگە،
قايىل چىدام - غەيرىتىڭگە مەن،
ئەپسۇس، بولمىدىم خىزمىتىڭدە مەن ...
ئانا يۇرتۇم ئەپۇ قىل مېنى،
ھىجرىڭدە سەرسان مەجنۇن بىل مېنى.
چۈشەندىم چىن مۇھەببەتنى مەن،
ئۇقۇيمەن دائىم شۇ ھىكمەتنى مەن:
گاداغا ئۆز تۇپرىقى تەختتۇر،
شۇ تەختتە تۇرماق ئەڭ ئۇلۇغ بەختتۇر!

سەن ماڭا ئەڭ ئەزىز ئانىسەن،
جېمى يۇرتتىن ئەزىزانىسەن.
ئىشقلىڭ ـ ئىمانىم، قىبلەم سەن مېنىڭ،
تاۋاپگاھىم ـ كەبەم سەن مېنىڭ.
ۋەسلىڭ ئۈچۈن ئالسام دالالەت،
قالغايمۇ مەندە ھەسرەت ـ نادامەت.
بېشىم بىلەن ماڭسامىمۇ مەيلى،
يىل ئازاۋى مەن ئۈچۈن سەيلى.
بوسۇغاڭغا قويغاندا قەدەم،
بەلكى ھۇشۇمدىن كېتەرمەن شۇ دەم.
شۇندا سۆيۈگىدىن ئىچسەم بىر يۇتۇم،
تېنىم يايراپ سەگىيەن چوقۇم.
سالىمىدىنى ئالساڭ ئىلىككەگە،
يەتكۈزەتتىڭ بېشىنى كۆككە.
باغرىڭغا قويۇپ ئاشۇ بېشىمنى،
ئۆكسۈپ ـ ئۆكسۈپ تۆكسەم يېشىمنى.
شۇندا بېقىپ ئىللىق نەزەردە،
بەزلەپ يېشىمنى سۈرتسەڭ ئەگەردە،
قالاتتىم خۇددى قۇشتەك يېنىكلەپ،
كىم يەكانىسۇن مېنى غېرىپ دەپ.
ئاڭلسام بىر ـ بىر داستان سۆزۈڭنى،
كۆزۈمگە سۈرتسەم باسقان ئىزىڭنى.
خىزمىتىڭنى قىلسام قۇل بولۇپ،
يايرىماسمۇ كۆڭلۈم گۈل بولۇپ،
ئويىنسام ھېيت ـ بايرامنى بىللە،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئاڭلىسام، سۇناي - ناغرائىنى بىللە،
تەڭكەش قىلىپ ياڭراق ساداغا،
ھېيتىڭگا ئالدىدا چۇشسەم ساماغا.
قوشۇلۇپ جۇشقۇن پەيزى - زوقۇڭغا،
سالام بەرسەم شانلىق تۇغۇڭغا...

١٩٨٢ - يىل ماي - ئىيۇن، ئۈرۈمچى

# ياماتۇنىڭ تويى

ئىلى دەرياسىنىڭ ياماتۇ كېچىكىگە
سېلىنغان زامانىۋى كۆۋرۈك بۇ يىل
26 - ئاۋغۇستتا پۈتۈپ داغدۇغا ئىچىدە
قاتناش باشلاندى.

ھەي ئوماق باللار،
سەكرەپ - تاقلاپ، چوۋلاپ - چۇقۇراپ،
نەگە ماڭدىڭلار مۇنچە ئالدىراپ؟
— كېتىۋاتىمىز دەريا بويىغا،
«باركاللا» توۋلاپ بەرگىلى
ياماتۇنىڭ تەبرىك تويىغا!

— ھەي نۆۋەر يىگىتلەر،
ماڭدىڭلار ئاتلارنى قامچىلاپ نەگە؟
يا بارمىكەن بىر يەردە بەيگە؟
— كېتىۋاتىمىز دەريا بويىغا —
«يۆلەن» تارتقىلى
ياماتۇنىڭ تەبرىك تويىغا!

— ھەي قىز - چوكانلار،
ماشىنا ئۈستىدە ناخشا توۋلىشىپ،
نەگە ماڭدىڭلار بۇنداق ئولىشىپ؟

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

— كېتىۋاتىمىز دەريا بويىغا —
«يار.. يار» ئېيتقىلى
ياماتۇنىڭ تەبرىك تويىغا.

— ھەي بوۋاي - مومايلار،
نەگە، ھارۋىنى چاپتۇرۇپ شۇنچە؟
نىمە ئاۋارە ئىسسىقتا مۇنچە؟
— كېتىۋاتىمىز دەريا بويىغا —
پەتە بەرگىلى
ياماتۇنىڭ تەبرىك تويىغا!

— كىمنىڭ تويى،
قانداقچە تويدۇ بۇ؟
ئەجەپمۇ بىر داۋرىڭى چوڭغۇ!

— بەللى، ئەپەندىم
نەلىك ئۆزىڭىز؟
نىمىسى «قانداق توي» دىگەن سۆزىڭىز؟
بۇ شۇنداق داۋراڭلىق ئۆتىدىغان توي.
ئىككى ياقتىن «ھاي يولەن» تارتىدىغان توي.
سىيلىپ گاڭدىن پاياندار دەريا ئۈستىگە،
ئۇ قات بىلەن بۇ قاتنى چاتىدىغان توي.

1983 - يىل 27 - ئاۋغۇست، غۇلجا

## پىئونېرنىڭ سۆزى

بىر توپ پىئونېر تاققا ياماشتۇق
چوققىنى كۆزلەپ.
ياماشقانچە،
تىرماشقانچە
باردۇق ئىگىزلەپ.

ھەر سىلجىشتا
يېقىنلاشتۇق بىر قەدەم
مەنزىلىمىزگە.
كۆمۈش تەرلەر بەدەل بولدى
مەرتىۋىمىزگە.

ئويناپ كەتتى يۈرەكلىرىمىز
تۇغىمىز چوققىدا لەپىلدىگەندە.
يولىمىزغا باقساق قايرىلىپ،
ئاق بۇلۇتلار قاپتۇ تۆۋەندە.

دىدۇق شۇندا:
ئاددى نەرسىمۇ
خۇراپات ئالدىدا تىلسىمات ئىكەن،
چۈشەندۇق شۇنى:
«بۇلۇت ئۈستىمىزدە تۇرىدۇ دائىم»
دىگەن سۆزمۇ خۇراپات ئىكەن.

ئىلقا، 1983 - يىل 31 - ئاۋغۇست

# شېئىر مەشرىپى

شىخەنزىدە ئۆتكۈزۈلگەن «بوستان شاملى» شېئىرىيەت يىغىنىغا بېغىشلايمەن.

جەم بولدۇق ۋەتەننىڭ يۈزلەپ شائىرى،
جۇڭغار باغرىدا،
ئالدى بىزنى قوينىغا بوستان.
سالاملىرىمىز خۇددى مەسنەۋى،
پاراڭلىرىمىز تۈگىمەس داستان.

سورۇنىمىز گوياكى مەشرەپ،
شېئىر ئۇنىڭ نەغمە - ناۋاسى.
سىمفونىيە بولۇپ ياڭرايدۇ بۇندا
خۇاڭخې - چاڭجياڭ،
جۇجياڭ - خېيلۇڭجياڭ
ھەمدە تارىمنىڭ جۇشقۇن ساداسى.
ئاقۋاش بۇغدا كۈلمەكتە ئەنە،
ئىجابەت بولغاندەك تەلەپ - دۇئاسى.

ئالىپ تىيانشان سەنەمگە دەسسەپ،
دىلكەشلىك بىلەن تارتتى ئۇسۇلغا
تەيشەن بىلەن ھىمالايانى.

كۆرۈۋاتىمەن «مىڭ ئۆي» تېمىدىن
پەسكە چۈشۈپ جەۋلانغا كىرگەن
كۆيچى، ئۇسۇلچى بۇلبۇلگويانى.

بۇ يەردە ئېچىلدى بۈگۈن گۈل بولۇپ،
مۇتەللىپنىڭ چاچرىغان قېنى.
ۋە ئەي چىگىنىڭ ئاققان تەر، يېشى.
شۇ گۈللەرنىڭ ئىغاڭلاشلىرى
ئەمەسمۇ شېئىر سىڭگەن زىمىنىنىڭ
نەغمىمىزگە تەڭكەش ئالقىشى.

دەۋرىمىز باھار،
ئاشىقلارچە، كۆيلەيلى ئۇنى
بۇلبۇل بەرگەندەك ئىشقىنى گۈلگە.
يۈرەك سېزىمنى گىرەلەشتۈرۈپ،
باراۋەر، سەمىمىي ئىناقلىق ئۈچۈن
ئورنىتايلى جىلۋىدار ئۈلگە.

1983 - يىل 2 - سېنتەبىر، شىخەنزە

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

# تۇرپان مېھمانخانىسى

مانا، تۇرپان مېھمانخانىسى،
نەزىرىمنى ئۈزەلمىدىم مەن
قالغاندەك ئاڭا كۆزۈم باغلىنىپ.
ئەركىم قېچىپ ئىلكىدىن مېنىڭ،
كېتەلمىدىم يېنىدىن ئۇنىڭ،
ئۇيان ئايلىنىپ،
بۇيان ئايلىنىپ.

قاراپ راۋاق، مۇنارلىرىغا،
گويا بېشىم تاقاشتى كۆككە،
ئۆزەم يەردە تۇرسامۇ گەرچە.
كەينىدە نەپىس نەقىشلىرىدىن
ھوزۇرلىنىپ كۆزۈم تورلىشىپ،
پىچىرلايمەن مەستانىلەرچە.

كۆردۈم گويا مۇشۇ تاپتا مەن
زامان غۇرۇرىدا كۆكسىنى كەرگەن،
مەغرۇر گەۋدىنى.
كۆردۈم گويا
بەقەسەم تىزلىق،
بادام دوپپىلىق
خوشال ئۇيغۇرنىڭ ھۆسنى-قەددىنى.

ئۇ شۇتاپتا بويىنى سوزۇپ
تەبەسسۇم بىلەن
تيەنئەنمېنگە قاراۋاتىدۇ.
«ئەزان ئېيتقاندەك تۇرىدۇ» دەمسىز؟
يوقسۇ،
ئەنە تىڭشاپ بېقىڭا،
ناخشا - مۇقام تووۇلاۋاتىدۇ.

ئەنە
يۈركىنىپ ئۆزۈم باراڭلىرىغا،
جالا ئېسىپ ئىشىكلىرىگە،
ئېگىلىپ تۇرىدۇ كېمىر سارايلار.
«مەرھەممەت» دەپ،
ھۆرمەت لەززىتىگە تولدۇرار دىلنى
شەرۋەت يۇرتىنىڭ پەرىزاتلىرى —
كۆلكە يېيىپ تۇرغان چىرايلار.

ھەم «رەھمەت»كە چۆمۈلەر دائىم
داستىخان يېيىپ يىلىقمايدىغان
ئۇيغۇر يوسۇنلۇق مېھماندوستلۇغى.
ھوكەزلەر ئېسىلغان باراڭ ئاستىدا
قىزىپ تۇرىدۇ كەچكى بەزمىسى،
توۋلىنىدۇ نەغمە - ناۋاسى،
ئۆركىشىيدۇ كۆڭۈل خوشلۇغى.

ئېيتىڭا،
بۇ مېھرى ئىسسىق سارايغا

قايسى ئۆلكىدىن مېھمان كەلمىدى؟
يەتتە ئىقلىم سەييالىرىدىن
كىم ئۇنىڭغا ھەۋەس قىلمىدى؟
ئاڭلىمىدىم دېمەڭلار يەنە،
كۆرۈپ ئۇنى روقمەن كۆز بىلەن
جۇڭنەنخەيمۇ ئاپىرىن دىدى.

ھەر گۈلنىڭ ئۆزىگە چۈشلۇق ھۆسنى بار،
مىللەتنىڭ ئۆزىگە لايىق شەكلى بار.
مىمارچىلىق گۈلىستانىدا
ھەممە گۈللەر تەكشى ئېچىلسا،
بۇنىڭ كىمگە،
نېمە دەخلى بار؟

ئەي گۈزەل تۇرپان مېھمانخانىسى،
قەدىم تارىخنىڭ يېڭى بالىسى.
سۇنۇلدى ساڭا مىسرالار بىلەن
يۈرىكىمنىڭ تەبرىكنامىسى.
شۇ سۆزگىمۇ قۇلاق سالسىنا،
گۈزەل ئۆلگەڭنى كەڭرى يايسىنا،
ئەي ئازات سەنئەت نامايەندىسى!...

1955 - يىل 15 - سېنتەبىر، تۇرپان - ئۈرۈمچى

## چىن گەلچيۇ خاتىرىسىگە

يىگىتلىكتە كۆرۈپ زەرداپ بىلەن تولغان دىيارىڭنى،
بۇ دەرتكە تاپقىلى مەلھەم، ئۇنۇتتۇڭ يوقۇ-بارىڭنى.
ۋەتەن مۇھتاج ئىدى بەكمۇ يېتەكچى-رولچىغا شۇندا،
ئۇنى بەرپا قىلىشقا سەنمۇ قوشتۇڭ ئىقتىدارىڭنى.
دىلىڭنى ئىنقىلاپ ئىشقى قۇياشتەك ئىللىتىپ تۇرغاچ،
بۆسۈپ ئۆتتۈڭ جۇدۇنلارنى، سولاشتۇرماي باھارىڭنى.
يېقىپ مەشئەل، تىيانشان قەھرىگە يول كۆرسىتىپ بەردىڭ،
تۇمار قىلدى تۈمەن قەيسەر مەدەتنامە شىئارىڭنى.
قاباھەتتىن تۆرەلگەنلەر بولۇپ بۇندىن ئالاقزادە،
كىشەنلەپ ئەيلىدى بەنت، سېنى، بارچە ھەمقارارىڭنى.
ساڭا تىغ سانچىغان جاللات ئۆزى تەشۋىشتە مىڭ ئۆلدى،
ئۇنى سەن شەرمسار قىلغاچقا سانچىپ زۇلپىقارىڭنى.
ھاياتىڭ يولىنى توسقان بىلەن ياۋ ئۆزى چەيلەندى،
توساشقا قۇربى يەتمەستىن ھىساپسىز ئىزباسارىڭنى.
زۇلۇم دارى پاچاقلانغان زېمىندا قەد كۆتەردىڭ سەن،
سالام دەيمىز ھاياجاندا كۆرۈپ مەغرۇر مۇنارىڭنى.

1983 - يىل 25 - سېنتەبىر، ئۈرۈمچى.

## ئېتىزدا باھار

قۇياشنىڭ ئۆرلىگەنچە ھارارىتى،
باشلاندى ئىللىق شامال زىيارىتى.
ئاق تېنىنى چۆرۈپ، يېشىل لىباس كىيىپ،
زېمىننىڭ جىلۋىدىلەندى قىياپىتى.
قۇشلارنىڭ نەغمىسىدىن سۆيۈندى جان،
ئەمەسمۇ نەغمە دېگەن جان راھىتى.
ئېتىزدا بەس - بەس بىلەن ئىش قايىندى،
دۈيجاڭنىڭ لازىم ئەمەس نازارىتى.
دېھقان خۇش مايسىلارغا كۈلۈپ قاراپ،
بۇ يىلمۇ ئوخشايدۇ دەپ زىرائىتى.
ئوغلىغا تاپىلايدۇ دېھقان بوۋاي:
«باشلاندى ئەمدى يۇرتنىڭ پاراغىتى.
ياراشتى ھۆكۈمەتنىڭ «ھالال ئىشلەپ
باي بولغىن» دېگەن يېڭى سىياسىتى.
پاتقانتى جېنىمىزغا نامراتچىلىق،
قوش ئىدى جاپا بىلەن ئاھانىتى.
ئەمدىغۇ، ئىشلىگەننىڭ قەرزى تۈگەپ،
كۆپەيدى بانكىدىكى ئامانىتى.
باي بولغىن، بىراق ئاچكۆز بولما بالام،
بەك يامان ئاچكۆزلۈكنىڭ خىجالىتى.
باھارنىڭ ھەر كۈنىنى يىلغا تەڭ دەپ،

چىلڭ تۇتۇش.— مول ھوسۇلنىڭ كاپالىتى.
دوقالنىڭ ئاللىق پەسىل كۈنلەندىسى
نەدە يوق ياخشى.. يامان رىئايىتى؟
دوقالنى ئۈزۈتكۈنچە دەپ سەل چاغلىما،
غاپىلغا چوڭدۇر ئۆزىنىڭ ئالايىتى.
تەق قىلساڭ تەييارلىقنى سەگەك بولۇپ،
چاغلىقتۇر دوقالنىڭ كارايىتى.»

1984 - يىل ئاپرېل، ئۈرۈمچى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىندى ئادرىسى

# چوغلۇق يېنىدا چاقچاق بار ئىكەن

چوغلۇقتا قول ئۇزاتقان ئىدىم،
چېقىۋالدى چاقچاق شۇ هامان.
«نىمە قىلغىنىڭ؟» دىسەم، دەيدۇكى:
«مەن بۇ يەردە گۈلگە پاسىۋان».

چوغلۇق دىگەن سۆيۈملۈك بىر گۈل،
چوڭ بىر زىنىنتى باهارنىڭ ـ يەرنىڭ.
توۋا، نىمە لاياقىتى بار
پاسىۋان بولۇشقا گۈلگە زەهەرنىڭ؟

هەيران بولۇپ هەيرانلىغىمغا،
دىدى هېكىم كېلىپ يېنىمغا:
«زەهەر ئۇتىنىڭمۇ رەڭگى سەت ئەمەس
گۈلگىمۇ خېلى ئوخشاپ قالىدۇ.
گۈلگە ئوخشاش ئۇمۇ هەمىشە
تەبىئەتتىن ئوزۇق ئالىدۇ.
شۇ خىسلىتى ئاجايىپ ئۇنىڭ:
گۈلنىڭ يېنىدا ئۇنۇۋالىدۇ،
ياشاپ گۈلنىڭ باهانىسىدا،
گۈلگە پاسىۋان بولۇۋالىدۇ.
گۈل ئاشىغى سەگەك بولمىسا،
بارمىغىنى چىشلەپ قالىدۇ...»

*

مەن ھېكەدىن ئاڭلاپ بۇ سۆزنى،
بەختۇتلۇغۇمنى يەنە بىر سەزدىم.
بۇ ئەتىۋا ئاچچىق ساۋاقنى
چاقچاق چاقچان يېرىمگە يازدىم.

1984 - يىل 4 - ئىيۇن، قورغاس

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# پەشتاقتا

بىر تۇرۇپ ھەيران بولىمەن،
بىراق،
خۇشاللىنىمەن قىزاردى بېتىم.
ئالقىشلىنارمەن دىمىگەن ئىدىم
پەشتاقتا چىقىپ ئىككىنچى قېتىم.

دەل بۈگۈندىن سەككىز يىل بۇرۇن
مۇشۇ مەيداندا،
مۇشۇ پەشتاقتا
لەنەتلەنگەنتىم «بۇزۇق ئۇنسۇر» دەپ،
بويۇنۇمدا تاختاي،
قولۇم باغلاقتا.

ئۇ چاغدىكى گۇنايىم شۇكى:
«كاپىتالىزىم يولىغا ماڭغان».
بىر نەچچە قېتىم كۆكۋاش ساتقىنىم
بۇنىڭ ئىسپات ـ دەلىلى بولغان.

سوراپتىمەن مەنمۇ ئۇلاردىن:
«كاپىتالىزىم دىگەن ئوپقانمۇ
ماڭا ئوخشاش

ئىككى پۇڭ يەرگە
قوناق تېرىپ كۆكۋاش ساتقانمۇ؟»

گۇنا بولدى گۇنا ئۈستىگە
شۇ مەيداندا مېنىڭ بۇ سۆزۈم.
ئەۋجىگە چىقىپ تەستەك ئويۇنى،
قانغا بويىلىپ كەتتى باش-كۆزۈم...

☆

ئۇزۇن ئۆتمەي جاھان ئوڭشىلىپ،
تاپتى مېنىڭ كۆڭلۈممۇ ئېمىن.
ئىش-ئوقىتىم كەتتى يۈرۈشۈپ،
«ئىشلەپ باي بول» دېگەندىن كېيىن.

تىرىلغۇدا مەن جەڭچى بولدۇم،
باغۋەنچىلىكتە ئۈلگە ئاتالدىم.
تاپاۋىتىمنىڭ ئۈستىگە يەنە
ھۆكۈمەتتىن مۇكاپات ئالدىم.

يەتتە جان بىز،
ئۈچ ئەمگەكچى بار،
بۆلۈشۈۋالدۇق ۋەزىپىمىزنى.
پېقىر باغنى ھۆددىگە ئالدىم،
خوتۇن كۆكتاتنى،
ئوغلۇم ئېتىزنى.

خۇشنامىغىدۇ يار-يۆلەك بولۇپ
دۇئاسىنى ئالدىم بوۋاينىڭ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىيكتى
www.uyghurkitap.com

دېدى ئۇ: «تېخىمۇ ئامەتى كەلسۇن
ساڭا ئوخشاش يېڭىچە باينىڭ.»

بارغانسېرى ئۇزاردى قولۇم،
ئۆتتۇۋاتىدۇ ھەر كۈنۈم تويدەك.
كەيپىم بولتۇر دارامىتىمىز
جان بېشىغا ئىككى مىڭ كويدەك.

«يېڭىچە باي» دەپ مۇبارەكلەندىم
ئىككىنچى قېتىم پەشتاقتا چىقىپ.
يىغلىۋەتتىم
تاختاي ئورنىغا
تەقدىرنامىنى كۆكسۈمگە يېقىپ.

☆

بۇ يىل پەشتاقتا
يېڭىچە بايلار
بولتۇرقىدىن ئارتۇق چىقىدۇ.
شۇ قاتاردا بولىمەن مەنمۇ،
بولمىسا قانداق ھاردۇق چىقىدۇ.

1984 - يىل

## سالامەت بولۇڭ

(ھۆرمەتلىك پېشقەدەم سەنئەتكارىمىز —
زىكرى ئەلپەتتايوپقا ئاتاپ)

سازنى ئۇچۇن بەخشەندە بولغاچ بارىڭىز،
سازغا ئوخشايدۇ گويا دىدارىڭىز.
ناخشىغا جۆر ئەيلىدى، ئادەم تۆگۈل،
مەس قىلىپ بۇلبۇلنىمۇ دۇتارىڭىز.
چەكتى ئەلنىڭ قەلبى تارىنى ئەجەپ
ساز بىلەن قىلغان كۆڭۈل ئىزھارىڭىز.
يېڭى باپ بولدى مۇقام دىۋانىغا
جانغا راھەت جىلۋىدار «رۇخسار»ىڭىز.
تاش بىلەن گۆھەرنى پەرق ئەتمەيدىغان —
بىناۋالار بولمىسا خۇشتارىڭىز،
كارى چاغلىق بولسىمۇ ھاتەم ئۇلار،
شۇ غەنىمەت — بولسا خەلق دىلدارىڭىز.
نەغمىمىز ئەۋجى ئۈچۈن ساغلام بولۇڭ،
ئۆگىنىپ كەتسۇن كېيەل - دىشۋارىڭىز.

1984 - يىل 2 - ئىيۇل

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ئانا مېھرى

بالا يىغلاپ قىلسا قاغىشلىق،
ئانا ئۇرمايدۇ ئاغزىغا ھەرگىز.
بەلكى ئۆگۈپ،
باغرىغا بېسىپ،
دەيدۇ: «قوزام نېمە بولدىڭىز؟»

ئانا پەرۋانە ئۇنىڭ دەردىدە
بەخش ئېتىپ جېنى ئىشتىياقىنى.
بىردەم پەپىلەپ،
بىردەم ئەمدۈرۈپ،
قۇرۇقدايدۇ بىردەم زاكىنى.

ئاچچىق دورىنى بېرىدۇ ھەتتا
ئاجرىمىسۇن دەپ بالا باغرىدىن.
دورىمۇ شىپا،
بىراق دورىمۇ
ئەلا ئەمەس ئانا مېھرىدىن.

بالا چوڭ بولۇپ ئەركىلىسىمۇ
كۆتىرىدۇ مېھرىۋان ئانا.
تۇزكور بولۇپلا كەتمىسە زادى،
بۇتناشلارنى سانىماس گويا.

ئاغرىق بولسىمۇ،
ياكى كەمبەغەل،
قەدىرلىكتۇر ئۆز ئاناڭ يەنە.
ئۇنىڭسىز نەدە ساڭا سەھەتلىك.
ئۇنىڭسىز نەدە ساڭا تەنتەنە؟

تەڭ بەدەل بارمۇ ئانا ئەجرىگە؟
تەڭ باھا بارمۇ ئانا قەدرىگە؟
تەڭ ۋاپا بارمۇ ئانا مېھرىگە؟
تەڭ جازا بارمۇ ئانا قەھرىگە؟

كۆتىرىشلىك ئانا ھەممىدىن،
بىراق بۇنىڭمۇ چېكى يوق ئەمەس.
بوزەك قىلغۇلۇق ئەمەس ئانىنى،
ئانا ھەرگىز بوسۇنچۇق ئەمەس.

دۇنيادا ئەڭ گۇنا ئىش نىمە؟
ئانا قەرزىنى ئادا قىلمىغان.
دۇنيادا ئەڭ ئۇيات ئىش نىمە؟
ئانا دەردىگە دەرمان بولمىغان.
ياشاش نەقەدەر گۈزەل، كۆڭۈللۈك.
ئانا ئالدىدا بولماي گۇنالىق.
ئۆلۈمىگىمۇ بولىدىكەن توي،
ئالالىساڭ ئۇندىن رىزالىق.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

# چوققىدىكى قارىغاي

يىراقتىن قارىسام،
گويا تاغدىكى ئېگىز بىر ئادەم
چۈشمىسۇن دەپ بېشىغا ئاپتاپ،
يېشىل كۈنلۈك تۇتۇپ تۇرىدۇ.
ياق،
بۇ بەلكى ئۇنىڭ يامغۇرلۇغىدۇ،
چۈنكى ئۈستىدە
بىر پارچە ئاق بۇلۇت ئۈزۈپ يۈرىدۇ.

قارىسام ئايلىنىپ يەنە بىر ياندىن
كۈنلۈكمۇ ئەمەس،
ياكى يامغۇرلۇق،
بەلكى بىر ھەيۋەتلىك ئەزىمەت بۈركۈت.
ئۇ كېرىپ يېشىل قاناتلىرىنى،
سوزۇپ يېشىل بويۇنلىرىنى،
ئىنتىلىپ تۇرىدۇ پۈتىنى جۈپلەپ،
گويا ئۇچۇشقا قىلىپ تەرەددۇت.

يېقىنراق بېرىپ قارىغان ئىدىم
ئادەم دېگىنىم بەلەن بىر چوققا.
كۈنلۈك، يامغۇرلۇق، بۈركۈت دېگىنىم

تاشنى يېرىپ چىققان قارىغاي ئىكەن.
پاھ،
تەبىئەت نەقەدەر ئۇلۇغ سەنئەتكار،
ھەر بىر نەقىشىدە سانسىز جىلۋە بار.
ئۇ ھۈنەرگە چەكسىز باي ئىكەن.

1984 - يىل 4 - ئاۋغۇست، خۇاڭيەن

# خۇاگسەنگە چىققاندا

بۇ يىل ئاۋغۇستنىڭ باشلىرىدا ئېلىمىزنىڭ مەشھۇر گوزەل مەنزىرىلىك يېرى — خۇاگسەندە زىيارەتتە بولۇپ، بەكمۇ لەززەتلىك تەسىرات ئالدىم.

خۇاگسەن، سېنىڭ تەرىپىڭ
يېتەكلەپ زوق - مەيلىمنى
ئېلىپ كەلدى ۋەسلىڭگە.
قەدەم قويۇپ باغرىڭغا،
يوقاتقاندەك ھوشۇمنى،
مەپتۇن بولدۇم ھۆسنىڭگە.

ئاتلاپ كۆرمىڭ پەلەمپەي
ئاسمان كۆلى * بويىغا
باردىم ئاخىر يېتىپمۇ.
باقسام راۋاق ئۈستىدىن،
ئايغا يېقىن قاپتىمەن،
پەستە قاپتۇ «قۇتتۇپ» ** مۇ.

ئۇلتۇرغانچە قۇياشمۇ،
ئاق بۇلۇتلار ئايلاندى

* خۇاگسەندىكى كۆل (بېيخەي).

** قۇتۇپ — خۇاگسەندىكى يۇكسەك بىر چوققىنىڭ نامى.

ئاستا ـ ئاستا قىزىلغا.
بۇلۇت ئەمەس، پەرىزات
كۆينەك كىيىپ شەپەقتىن،
چۈشتى لەرزان ئۇسۇلغا.

پەسكە باقساڭ ئېگىزدىن،
كۆرۈنىدۇ زېمىندىن —
ئاسمانغىچە باراقسان
بۇ گۈزەللىك ئالدىدا
تەڭگە سىغماي قالىدۇ
ھاياجاندىن تىترەك جان...

خۇاڭسەن سېنىڭ باغرىڭدا
بولۇپ گويا قوزىچاق
ئويناقلىغىم كېلىدۇ.
بۇلۇت بولۇپ بىر تۇرۇپ،
ئاسمان پەلەك چوققاڭنى
قۇچاقلىغىم كېلىدۇ.

بۇلبۇل بولۇپ بىر تۇرۇپ
قۇشلىرىڭغا جۆر بولۇپ
خەندان ئۇرغۇم كېلىدۇ.
بولۇپ گويا كېپىنەك،
خۇش پۇراقلىق گۈلۈڭنى
شوراپ سۆيگۈم كېلىدۇ.

بىلىق بولۇپ بىر تۇرۇپ،
كۆللىرىڭنىڭ قوينىدا
شۇڭغۇپ ئۈزگۈم كېلىدۇ.
ئاققۇ بولۇپ بىر تۇرۇپ،
بالىتىچىدەك تولغۇنۇپ
جەۋلان قىلغۇم كېلىدۇ.

خوتەن، سېنىڭ پەيزىڭدىن
ئۆچمەس گۈزەل ئىز قالدى
مېنىڭ يۈرەك قەلبىمدە.
ياندىم قاراپ تىپانشانىغا
سالىمىڭنى قۇچاقلاپ،
قالدى كۆزۈم كەينىدە.

1984 - يىل 4 - 7 - ئاۋغۇست، خوتەن

# يۈرەك سوغىسى

(شىنجاڭ ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ
30 يىللىق تويىغا بېغىشلاپ)

سالام قازاق، سالام تۇققان قېرىنداش،
سالام ساڭا، قىزىل تۇغلۇق ۋەتەنداش.
شېئىرىم بىلەن چاچقۇ چاچاي تويۇڭغا
بولغاچقا مەن سېنىڭ بىلەن يوسۇنداش.

تەبرىكلىدى ئاستانىمىز تويۇڭنى،
تەبرىكلىدى دوستلار كېلىپ ئۆيۈڭنى،
بىر سورۇندا دومبىراڭغا جۆر بولاي،
ئىچىپ تۇرۇپ قىمىزىڭنى، چېيىڭنى.

بىر ئەمەسمۇ بىر قازاندا قاينىغان،
بىر كۆيۈكتە يۈرەكلەرنى تاۋلىغان،
مۇسىبەتتە بەلگە بىردەك ئاق باغلاپ،
توي - تۆكۈندە بىللە ئۆلەڭ توۋلىغان.

بىر ئەمەسمۇ مۈلكىمىز تەڭ بۆلانغان،
بىر ئەمەسمۇ يامۇلغا تەڭ سولانغان،
تەڭ پالاق يەپ بىللە ئېقىپ قېنىمىز
ئوخشاش دەرتتە دىل رىشتىمىز ئۇلانغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com

بىز ئەمەسمۇ جەڭدە بىللە يەلڭ تۇرغان،
بىز ئەمەسمۇ يىرتقۇچلارنى تەڭ سۈرگەن.
بىز ئەمەسمۇ قىزىل تۇغقا تەلپۈنۈپ،
ئازادلىقنىڭ لەززىتىنى تەڭ كۆرگەن.

بىز ئەمەسمۇ يېڭى ئۇلۇغ سەپەرنى —
بىللە كەزگەن يېڭىپ جاپا خەتەرنى؛
بىللە تارتىپ زىيانداشنىڭ دەردىنى،
بىللە كۈلگەن قۇچۇپ يېڭى زەپەرنى.

مەيلى قانچە بولسۇن مىللى پەرقىمىز،
ھەرگىزمۇ يات ئەمەس نىيەت - خۇلقىمىز.
تەقدىرىمىز تائەزەلدىن بىر ئىدى،
بۈگۈن ئۇلۇغ سوتسىيالىزىم خەلقى بىز.

بۇ ئورتاقلىق مۈشكۈللەرنى ئۆتكۈزدى،
بۇ ئورتاقلىق بىزگە دۈلدۈل مىندۈردى.
بۇ ئورتاقلىق قوغلاپ قايغۇ - ئەلەمنى،
بۇ ئورتاقلىق بىزنى بىللە كۈلدۈردى.

بۇ ئورتاقلىق بىزنىڭ ھايات ئوتىمىز،
مۇشۇ ئوتسىز ئىللىمايدۇ يۇرتىمىز،
بۇ ئورتاقلىق بىزگە قانات ھەممىشە،
بۇ قاناتسىز جەزمەن غۇلاپ كېتىمىز.

بۇنى ئۇنتۇپ قالساق، ئىشلار ئاقامدۇ،
ئورتاق ئارزۇ ئورتاق ئۇنۇم تاپامدۇ؟

قىتىغىرلار بازار تاپسا مۇبادا،
قۇربانلارمۇ قەۋرىدە جىم ياتامدۇ؟

پاسىۋانى بىز بىرلىكنىڭ، ئۇتتۇقنىڭ،
سۆيى ئورتاق بىللە قازغان قۇدۇقنىڭ.
ھوقۇق -- ئورتاق گۈللىنىشنىڭ دەستۇرى،
مەستانىسى بوپ قالمايلى ھوقۇقنىڭ.

قازاق دوستۇم، مېنىڭ سۆزۈم ئەمەس بۇ،
ماڭىمۇ سەن شۇنداق دىگەن ئەمەسمۇ؟
راست دىگەندەك، ئۇنتۇلسا بۇ ھەقىقەت،
يەتتە ئاتىمىز بىزنى نامەرت دىمەسمۇ؟

قازاق دوستۇم، ئاق ئۆيۈڭدە ئولتۇرۇپ،
ئاق قىمىزنى ئاق كاسىغا تولدۇرۇپ،
ئىچىشىپ، سۆزلەپ قالسام، ئەيىب ئەتمە،
ئوشۇق كەتمە، ئالاي ئۆزەم ياندۇرۇپ.

قىمىزىڭغا بەكمۇ لەززەت كىرىپتۇ،
بۇ لەززەتتىن كۆڭلۈم شۇنداق ئېرىپتۇ.
مەنمۇ مەڭگۈ سادىق دوستلۇق شەرتىگە،
ۋەدە-ۋەدە، ئالدىمدا ئاق تۇرۇپتۇ.

1984 - يىل، 31 - ئاۋغۇست

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## بىر سۈرەتنىڭ تارىخى

تونۇدۇڭمۇ بۇ كىمنىڭ سۈرىتى؟
سىنچىلاپ قارا.
ئوخشامدۇ ماڭا؟
«ئوخشايدىكەن ساڭا» دەيسەنا.
ئوخشايمەن ئەلۋەتتە ئۆزۈمگە ئۆزۈم.
سوراپ قالدىڭ،
تارىخىنى دەپ بېرەي ساڭا.

ئۇچامدىكىسى
گىمناستيوركا ـ يېڭىلا كىيگەن.
بېشىمدىكىنىڭ ئېتى «ئىسپانكا»،
ئاسقان تاپانچام ئولجىغا كەلگەن.
مەيدەمدىكى يۇلتۇز ـ مېدالىم،
بۇنى گېنېرال ئۆز قولى بىلەن
شىخۇدا بەرگەن ...

بىر ئاخشىمى
بۇيرۇق بويىچە
ئاتلاندىم «تىل» تۇتقىلى مەنمۇ.
بۇنداق پەيتتە
تىمسىقلاپ ماڭماي بولامدۇ

ئېچى - جېچى بىرگە بۇ يەرنىڭ
بەش قولدەك ئېنىق بولغان بىلەنمۇ،
تېڭشاپ ماڭىمىز شەپە چىقارماي؛
تېڭشايدۇ يالغۇز قۇلاقلا ئەمەس،
باشتىن تارتىپ تاپانغىچىلىك
پۈتۈن بەدەنىمىز.

... سېپىل تۈۋىدىكە
بىرەر چاقىرىم قالغان ئارىدا
ھويلىدىن بىرقىز قاچتى چىقىراپ.
ھايال ئۆتمەي ئۇنىڭ كەينىدىن
كەلدى بىرسى قوغلاپ ھاسىراپ.
تونۇۋېلىپ قوغلىغۇچىنى —
گومىنداڭچى ھەربى «نوچى»نى،
ئۆمىلەپ باردىم ئالدىنى توراپ.
دومىلىتىپ بىر چىماق بىلەن،
گەجگىسىگە مىنىۋالدىمدە،
تارتىۋېلىپ تاپانچىسىنى،
ئاغزىغا پاختا كەپلەپ تىقتىلاپ،
ئېلىپ ماڭدىم
قولىنى كەينىگە ماتاپ پۇختىلاپ.

سەپدىشىم شۇئان
«بۇخەيپا» دەپ ئىللىق پىچىرلاپ
توختاتتى قىزنى.
ئۇ تېڭىرقاپ تۇرۇپ بىر ھازا
يىغلىۋەتتى كېيىن بۇقۇلداپ.
نىجاتكار دەپ چۈشىنىپ بىزنى.

ئۇ بىر يېتىم خەنزۇ قىز ئىكەن،
ئىسمى لىدا،
بىلىدىكەن ئۇيغۇرچە سۆزنى.
دىدى ئۆپكىدەپ:
«ماقۇل دىسەڭلار،
مەنمۇ سىلەرگە قوشۇلۇپ كېتەي.
ماقۇل دىسەڭلار
ئۆز قولۇم بىلەن
جىمىنتۇراي ماۋۇ دۆيۈزنى...»

ياندۇق ئاستا كەلگەن تەرەپكە،
يول بويى ئېيتىق ئەھۋالنى بىلدۇق.
بىز تۇتقان «تىل» مۇھىم «تىل» ئىكەن،
ئۇنىڭ ئۇ يەرگە باستۇرۇنچى، مەخلۇق.
سەھەردە ئىشتاپقا تاپشۇرۇپ ئۇنى
باشلىقلاردىن تەشەككۇر ئالدۇق...
كېيىنچە لىدا
ئۆزى قاتتىق تەلەپ قىلغاچقا،
روتىمىزغا سېستىرا قىلدۇق.

بىر ھەپتىمۇ ئۆتمەي ئاردىن،
شىخۇ ئېلىنىپ بولغاندىن كېيىن،
غەلبە شەنىگە ئېچىلدى يىغىن.
ئالقىش ئىچىدە
قەھرىمانلارغا مېدال تاقالدى
ياڭرىدى قىزغىن تەبرىك: «ئاپىرىن!»

ئاشۇ يىغىندا
گېنېرال ئىسھاقبەك ئالدىمغا كېلىپ،
«ئەزىمەت!» دەپ قولۇمنى قىسىپ،
ئۆز قولى بىلەن مۇشۇ مېدالنى
قويغان ئىدى مەيدەمگە ئېسىپ.
مەن مۇنبەردىن چۈشۈۋاتقاندا
مۇخبىر تارتىپ مۇشۇ سۈرەتنى
كېيىن گېزىتكە چىقاردى بېسىپ.
بۇ يالداما غۇرۇرۇم مېنىڭ،
شەرىپىم مېنىڭ.
چۈنكى بۇنى
ئىنقىلاپ ماڭا ئەيلىدى نېسىپ.

1984 - يىل 23 - سېنتەبىر، ئۈرۈمچى

# ۋەسىيەت

ئاڭلىشىچە، چەتئەلدىكى بىر دوستۇم
مۇنداق دەپ ۋەسىيەت قىلغانىمىش.

مەن ئۆلسەم ئەگەر
ئىڭىگىمنى لەغەن بىلەن چېتىپ قويۇڭلار.
جەسىدىمنى مەنتىگى بىلەن يۇيۇڭلار.
يەرلىكىمنى سادىر سوقتان ئەسۋاپىتا*
ئىگىز دۆڭدىن ئويۇڭلار.
يۈزۈمنى خانتەڭرىگە قارىتىپ ياتاي،
قىلۋە .. پىلۋە دېگەن گەپنى قويۇڭلار.

* سادىر ئۇستام — مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئىلىدا ئۆتكەن مەشھۇر تۆمۈرچى. ئۆزىنىڭ ياسىغان تۆمۈر ئەسۋاپلىرى بەك پۇختا بولغاچقا، «سادىر سوقتان» دېگەن سۆز پۇختا دېگەن مەنىدە ئايلىنىپ كەتكەن.

# رۇبائىلار

قەترىدىن تولىدۇ دېڭىزنىڭ قىنى،
دېڭىزسىز ئۈزەلمەس هايات يەلكىنى.
ئەگەر مىننەت قىلساڭ ئۆز قەترەڭنى سەن
ئۈزۈپ باقمىنا شۇ قەترەڭدە، قېنى!

*

نامەرتلەر قورقۇنچاق كېلىدۇ قەۋەت،
بۇ شەكسىز ھەقىقەت، ئەزەلدىن - ئەبەت.
ياق، بار، دىمەك ئۇنىڭ قورقمايدىغىنى،
ھە راست، ئۇ قورقمايدۇ نومۇستىن پەقەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

*

تال .. تال كۈمۈش چاچىڭنى ماڭا بەر ئانا،
تەشۋىشىڭنى بىللە قوشۇپ ئۆتكۈزگەن ماڭا.
سېنىڭ ئۆلمەس بەختىڭ بىلەن بىللە ياشاي مەن،
ياشلىقىڭنى، شاتلىقىڭنى بەخش ئېتىپ ساڭا.

*

مۇبادا راست بولسا ئەيسا قىيامىتى،
ۋە ساڭا پۈتۈلسە ئۇنىڭ جەننىتى؛
بۇ، مەن ئۈچۈن دوزاق، چۈنكى زەھەرغۇ
ۋەتىنىڭ ھىجرىدە جەننەت لەززىتى.

*

دىلبەرنىڭ كۆزىدىن كۈلكە ئاقتۇرۇپ،
يېنىپ يالۋۇرسام شۇنچە ئاھ ئۇرۇپ،
ئۇ دېدى: كۆزۈمدىن كۈلكە ئىزلىمەڭ،
رەقىبىڭ كۆزىگە قادال ئوق بولۇپ!

*

بۇ بىنالار بەلەن بولدى ھەممىدىن
(بۇ تېخى بىر ۋاراق بەخت تومىدىن).

نەدىن كەلدى دەيسەن، نەدىن كېلەتتى —
تۈنۈگۈن بىر قازغان ئاكوپ ـ گەمىدىن.

*

ھاقارەت تۆھمىتى كەلسە ھەرقاچان،
ئۇنى قاراقچىدەك كۆردىمەن ھامان.
مېھماندەك كېلىدۇ ماختاش تۆھمىتى،
بىراق، قاراقچىدىن مىڭ ھەسسە يامان.

*

سۆيگۈنگە كېلىدۇ تالاي خېرىدار،
ۋىجدانغا باي بولساڭ، تاپتىڭ ئىتىۋار.
ئەگەر سۆيگۈڭ بولسا بەڭۋاشلىققا باي،
ۋىجدان گادايلىقى قىلار سېنى خار.

*

شېئىر يازمىغىن ھەۋەستىن ئەمەس،
مەن ئۈچۈن شېئىر ۋىجدان ئىشى، بەس.
پىكىر — يۈرىكىم، مىسرالار — تومۇر،
ھەرپلەر — قېنىم، ۋەزىنلەر — نەپەس.

*

قۇيۇن چىققاندا ھەممىدىن بالدۇر
ئۇچىدۇ قامقاق — بىچارە مەغرۇر.

قىزىل بولغۇن تۇرۇپتۇ ياشناپ،
چۈنكى ئۇنىڭ يىلتىزى چوڭقۇر.

*

ھەزەر قىل بەزىلەر «جۆندەش»كە ئۇستا،
بىر ئىشقا ئالدىدىن ئۆندەشكە ئۇستا،
ئەپلەشسە ئۆزىنى داڭلاشقا ئۇستا،
چاتىقى چىقسىلا دۆڭگەشكە ئۇستا.

*

جىق ئىشقا پۇتلاشتى ھەۋەس ـ ھىرىسىم،
ئويلىسام بولدۇ كۆڭلۈم بىر قىسىم.
ھەۋەسنىڭ كەينىگە كىرمىگەنلەرگە
كېلىدۇ ئەمدى ئەجەپ ھەۋىسىم.

*

تېرىق يەپ ماڭغانلار ئۇزۇن سەپەرنى،
قان بىلەن يېزىشتى شانلىق ئەسەرنى.
شۇنداق ئەسەرنى يىرتىشنىڭ ئۆزى
ئۇرغانلىق ئەمەسمۇ تاشقا گۆھەرنى.

*

ئۇزۇن سەپەردىن ئېچىلغاندا گەپ،
قاتنىشالمىغانغا قىلاتتىم ھەسرەت.

ئەمدى ئويلىسام ھەر ئۆزۈن سەپەر
ھازىرمۇ بار ئىكەن، قېنى سەن جۈرئەت؟

*

ئىمتىھان بەرمەي، ئاق قەغەز بېرىپ،
يۈرۈشتى بەزىلەر مەيدىنى كېرىپ.
ئۇنداقلار ھەرگىزمۇ تىكمەيدۇ كۆچەت،
مىۋىنى يەيدۇ شېخىنى يېرىپ.

*

ساقاللىرىغا خېلى ئاق كىردى،
رەڭگىمگە ياشلىقتا يات سىياق كىردى.
بىراق، تۇۋلاش ئۈچۈن يېڭى ناخشىنى
كۆڭلۈمگە تېخىمۇ ئىشتىياق كىردى.

*

مىڭلا راست دېيىش خەتەر شۇ قەدەر،
شۇنداق دەپ بولىدۇ ئادەم زومىگەر.
شەكسىزكى، ھەممىنى مۇشتلىغانلارنىڭ
ماكچىيار تۇمشۇغى ھەممىدىن بەتەر.

*

كىمكى مەستانە بولسا شۆھرەتكە،
بولىدۇ مۇھتاج ئۇ خۇشامەتكە.

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى
www.uyghurkitap.com

ساختا شۆھرەتتىن ئالتۇن تاپقانلار
ئايلىنار ئاخىرى ئۆزى ئەخلەتكە.

*

مەرتىۋە قوغلىشىپ تاپماق ئېتىۋار،
پەسكەشلەرگە لايىق ئىقتىدار.
خەلقىنىڭ ئاددى چاكىرى بولماق
كوممۇنىستلار ئۈچۈن ئەڭ چوڭ ئېتىبار.

*

چاخچاق قىلمايمەن قانۇنىيەتكە،
بوي سۇنمايدىكەن شەخسى نىيەتكە.
ئۇنىڭغا بوزەك بولمايدىكەنمەن
تايانسام پەقەت سەممىيەتكە.

*

ئېگىلىدىكەن ئالما شاخلىرى
مىۋىسى قانچە ئوخشىغانسېرى.
كەمتەرلىك بىلەن ئادەم چىرايلىق،
سەتلىشىدىكەن غادايغانسېرى.

*

زەر زۇننارغا شەيدا بولۇپ مۇنچىلىك،
بويۇنغا ئاسماقلىق ھاجەت قانچىلىك؟

زىننەت مەتستانىسگە ياراشماپتۇ ئۇ
تۆگىگە كولدۇرما ياراشقانچىلىك.

*

ھوزدۇزلۇقنى ئۆگەندىم ئىشقىمنى بېرىپ،
يىگىرمە يىل ئىشلىدىم غۇلاچنى كېرىپ.
كېيىن گىلەم توقۇشقا يۆتكىگەن ئىدى،
قويدۇم ئىككى خالۋاپنىڭ بېشىنى يېرىپ.

*

سېركۈشلەرگە چىداپ تۇرۇپسەن،
بۇ خىسلەت بىلەن يېرىم يىگىت سەن.
پۈتۈن يىگىت بولغان دېسەڭ،
ماختاش ئالدىدا كەتمە ئېرىپ سەن.

*

بىر ئىشەك بېشىغا ئوراپ سەللىنى،
قاپتۇ بەك كۆلكىگە دوراپ موللىنى.
تېخىمۇ كۆلكىلىك ئەمەسمۇ مېنىڭ—
تۆرگە باشلىغىنىم «تەخسىر» دەپ ئۇنى.

*

ھەممىمىز سۆزلەيمىز ھەققانىيەتتىن،
بىراق ئاشالمايمىز شەرت-شارائىتتىن.

نىمىمىز تۇغرا، نىمىمىز خاتا؟،
سورايلى مىزانچى ئەمەلىيەتتىن.

*

چاغلىتۇر دۇشمەننىڭ ئەزۋەيلىگىنى،
يامىنى يوشۇرۇن قەستلەيدىغىنى.
خەتەرلىك ئەمەسمۇ قاۋىغان ئىتتىن
ئەركىلەپ تۇرۇپلا چىشلەيدىغىنى.

*

بىر ئوغرى دەندىدى دائىم تام تېشەپ،
بىر كۈنى مىجىلىپ قالدى تام بېسىپ.
راست ئىكەن: قوپۇرغا ئاستىدا ئۆلەك
تۇز يالىغان ئىتتا بولمىشى نېسىپ.

*

ئۇرۇشتىن كېيىن بىر قەھرىمان چىقتى،
ئاۋازى ھەممىدىن بەك يوغان چىقتى.
بىراق، شېھىت قېنى تىلغا كىرگەندە،
ئۇنىڭ ئاغزىدىن نە زۇۋان چىقتى.

*

مەرت ئېيتتى: «رەنجىم يوق باغلانغىنىمدىن،
بۇ مېنىڭ خاتا ئىش توتقانلىغىمدىن.

ھەڭ ئەلا ھەق سۆزدە قاربلانغىنىم
يالغانغا يۆلىنىپ ئاقلانغىنىمدىن.»

*

دېيىشدىك: «بولمايدۇ ھساپ ئۈگەنمەي،
ھساپنى ھەر ياڭزا ياساپ ئۈگەنمەي.»
ئاخىرى سوتلاندىك باغلىنىپ، چۈنكى
ھساپتىن ئۆلگىرى ئىنساپ ئۈگەنمەي.

*

تەيېزدىكى سۆككەندىن كەتتىڭ بۇز ئۆرۈپ،
ماختىغانلار قاچتى سېنى ئۆكتۈرۈپ.
ئەي نادان، بوۋايلار دېمىگەنمىدى:
«دوست ئېيتار يىغلىتىپ، دۈشمەن كۈلدۈرۈپ.»

# پارچىلار

تۆن بويى بىدارنىڭ بەرى دەرۋىشمۇ،
ھەزەر قىل، كەملەر بار ئۇنىڭ ئىچىدە.
ئوغرىمۇ كېچىدۇ تۆندە ئۇيقۇدىن،
تىلغايدۇ ئېتىزنى قاۋان كېچىدە.

*

ئەۋرىشىم بولسىلا، ياكى ئاق تۆسلۈك،
دىمەڭلار ئادەمنىڭ كەمتەرىن دوستى.
چۈنكى تولغانماستىن يۆرەلمەس يىلان،
ئاق ئەمەسمۇ ئۇنىڭ قاسىرىغى ـ پوستى.

دۇنيادا راھەت ئىش ھەسەتخور ئۈچۈن،
ھەمىشە كىر كولاش ئىرناق ئاستىدىن.
مىسالى، چىۋىنمۇ ئىزلەيدۇ راھەت
خۇش پۇراقتىن ئەمەس، ئۇنىڭ ئەكسىدىن.

*

سالىرى ئولتۇردى مۇسارتىنى، بىراق
قالدى شان-شەرەپسىز، لەنەتكە چۆكۈپ.
ئەزەلدىن ئايانكى، ھەسەتخورلارنىڭ
تاپقان نەرسىسىدىن يوقاتقىنى كۆپ.

*

كۆلگۈنچەك بولسىلا خۇش خۇي سانالسا،
بۇ باپتا يېتەلمەس ھېچكىم تۈلكىگە.
بىراق ئۇ مەخلۇقنىڭ ياۋۇز مەقسىدى
ئورالغان بولىدۇ ھامان كۆلكىگە.

*

ئۆزگىنىڭ ئەيىۋىنى سۆزلىمەك ئاسان،
ئاسان ئەمەس سۆكۈش ئۆزىنى ئانچە.
دۇنيادا بولمايتتى نا ئادىل كىشى،
ئۆز پېشانىسىنى سىلىسا بارچە.

*

كەلتۈرۈپ مۇشت ئاتقان ئىدىم ئۇنىڭغا،
ئۆزەمنىڭ تورۇمدىن كەتتىم يىقىلىپ.
بىراق ئۇ شۇ ھامان يۆلەپ تۇرغۇزۇپ،
بېشىمغا كىيگۈزدى دوپپامنى ئېلىپ.
شۇ چاغدا تىكىلىپ قارالماي ئاڭا،
پۇشايمان يېدىم مەن ھوشۇمغا كېلىپ.

*

تىللىدىم كوچىدا خېلى ئادەمنى
ھار كېلىپ يۈزۈمگە قاراپ كۈلگىنى.
بېقىپ ئەينەككىمۇ ئۆرلەپ غەزىۋىم،
شۇئان يەرگە ئۇرۇپ سۇندۇردۇم ئۇنى
ئانامۇ جىمىلەپ كايىدى ماڭا:
«يۈزۈڭنى پاكىزە يۇيساڭ ھەر كۈنى،
ئەينەكمۇ سۇنمايتتى، خەقمۇ كۈلمەيتتى؛
ھەيرانمەن، نىمىشقا بىلمەيسەن. شۇنى.»

*

شۇبىمىزكى، ۋاقت ئەڭ ئېسىل بايلىق،
ياشلىق باھارىمىز ئەڭ باي ۋاقتىمىز.
بەزىمىز بۇ چاغدا سانىماي پۇلنى

تاتازىسى بىلەن خەجلەۋېتىمىز.
ئالغان نەرسىمىزنىڭ تايىنى بولمىسا،
ئۇنىمۇ باھارغا دۆڭگەۋېتىمىز.
يېڭىكلەشسە يانچۇق قىرو پەسلىدە
پارچە پۇلنى تىترەپ ساناپ كېتىمىز.
ئەپسۇسكى، باھاردەك بايلىق قەدرىگە
كەچكۈزدە، شۈمشەيگەن چاغدا يېتىمىز.

*

مانىمۇ دىدىڭ: «ئەقىدەم ساڭا خاس،
مەن ئۇنى بەرگەن پەقەت دوستۇم ساڭا.»
كىم سېنى دوستۇم دىسە، دەپسەن يەنە:
«ئۆزگىگە يوق، بار پەقەت خۇشتۇم ساڭا.»
خۇي-مىجەزىڭ زادى شۇنداق بولسىلا،
دوست بولالمايدۇ شۇڭا ھىچكىم ساڭا.

*

سۈرەن-چۇقان بازار تاپقان مەھەلدە
ئىشىمۇ كۆپ ئىدى، قەدرىدىمۇ ئاندىن.
ئاراملىق، مەرىپەت پەيتى كېلىپلا
ئىشىم، قەدرىم تۈگەپ، قالدىم زوۋاندىن.

*

«ھەممىدىن قايسى ئويۇن ياخشى؟» دىسەم،
ئۇ دىدىكى: «توپىلاڭ ئەڭ ياخشىكەن.»
بۇ ئويۇنغا ئۆزى قاتناشماس ئىمىش،
ئەسلى قەستى توغاچ ئوغرىلاش ئىكەن.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# تۇيۇقلار

ئالدىدا ھەجرىدە پەريات چەك، دېدى،
سوڭرە ۋەسلىم تارىنى سەن چەك، دېدى.
«نە ئۈچۈن» دېسەم، «ۋىسالىنىڭ ئالدىدا
بار قىيىن بىر ئىمتىھانلىق چەك» دېدى.

*

چۆلدە قالسامىمۇ نە ھاجەت ئات ماڭا،
سىبىڭدى «مەجنۇن» دەپ چىرايلىق ئات ماڭا.
قېنى سەن لەيلى، مېنى ئۆلىيە دېسەڭ،
ئوق قىلىپ كىرپىكلىرىڭنى ئات ماڭا.

*

ئۇ يىگىت كەلدى، ئىشكنى ئاچ، دىدى،
بەر جامالىڭدىن ئوزۇق، مەن ئاچ، دىدى.
پېشانالماي قىز ئىشكنى ئاچقىلى
«ماڭا مۈشكۈل ساڭا كىرسە ئاچ» دىدى.

*

مېنى يەنچىپ قىلسا كۆل دەرت تۆكمىنى.
تاشلىما يار، ياغلىغىڭغا تۆگ مېنى.
بۇ تۆگۈن كېيەنگە ئوخشاپ قالمىسۇن،
ئىزمە ئاچقىن ھەم قاداپ قوي تۆكمىنى.

*

مەيلى «سەت» دە، مەيلى «دۆت» دە يا مېنى،
ئەمما ئادەمنىڭ ئەمەسمەن يامىنى.
مۈكچىيىپ كەتسەمۇ لازىم مەن ساڭا،
ياۋنى ئاتقاندا قىلارسەن يا مېنى.

*

سەن دىدىڭ: «ۋەدەمنى مەن بەلباغ قىلىپ،
چىقىدەن بۇ چۆلنى ئاۋات باغ قىلىپ.»

ھەر كۆچەتنى مەنمۇ تەڭ پەرۋىش قىلاي،
خۇددى قوشتاندەك سېنى باغ-باغ قىلىپ.

*

— كۆلگىنىڭ «ماقۇل»مىدى يا «ياق»مىدى،
ئۇ يىگىتنىڭ ساڭا نەزىرى ياقمىدى؟
— ئەيىبى شۇ: ماڭا تەڭلەشتىن بۇرۇن
باغرىنى ئەل باغرىغا چىداش ياقمىدى.

*

مېڭىنىڭ تەخت-ئوردىسىدۇر باش قىنى،
مېڭە يالتاۋ بولسا دېيىمىز: «باش قېنى؟»
كىمگە ھاكىم بولمىسا ئۆز مېڭىسى،
بولماس ئاقىل دورىغانغا باشقىنى.

*

چاغلىماي سۆز قىلسا ئالدى-ئارقىنى،
دەيدىكەن خەق: «سەندە نومۇس-ئار قېنى؟»
گەر خاتاغا كەلمىسە دەرھال جازا،
يوق دېمەك، ھەقنىڭ ئۈزۈندۇر ئارقىنى.

*

كۆيلىسەم دىل رىشتىسىنى تارقىلىپ،
خۇش قىلار ئەل-يۇرتنى نەغمەم تارقىلىپ.
كەڭ، يېيىنلۇق بولسا سورۇن قانچە خوپ،
بولماس ئەمدى ئۇنى قىڭغىر، تارقىلىپ.

1978 — 1982 - يىللار

# ئىشقى غەزەللەر

## يارنى سېغىندىم

ئاھ، بۇ گۈلشەن باغ ئارا دىلدارنى سېغىندىم ئەجەپ،
تاڭغا تەلمۈرگەن كۆزى خۇمارنى سېغىندىم ئەجەپ.
دەرت ياراسى ئۇلغىيىپ، ھەسرەت ـ ئەلەمدە تولغىنىپ،
ھىجرى دەردىدە سېرىق رۇخسارنى سېغىندىم ئەجەپ.
ئارمىنى دۇنياكى تاغ، لېكىن قەپەزدە باغرى داغ،
چوققىغا باققان ھامان شۇڭقارنى سېغىندىم ئەجەپ.
يۈرىگىمنىڭ مېھرىدۇركى بۇ شېرىن رىغبەتلىرىم،
ھەر سۆزۈمگە ئاشىنا ـ خۇشتارنى سېغىندىم ئەجەپ.
تاقىتىم پۈتمەكتە ھىجراندا، كۆزۈم بەك ئىنتىزار،
قاشى كامان، كىرپىكى ئوق يارنى سېغىندىم ئەجەپ.

1948 - يىل

# ئۆرتەندى

بۇ يۈرەكنى، ئەي نىگار، ئاھۇ پىغانىڭ ئۆرتەندى،
بىگۇنا يەرگە تۆكۈلگەن لالە قانىڭ ئۆرتەندى.
جۇت زىمىستان دەھشىتى قىلغاچقا باغىڭغا ھۇجۇم،
ياشىرالماي سارغىيىپ سولغان خازانىڭ ئۆرتەندى.
پۇت - قولۇڭ زەنجىرگە بەنت تۇتقۇن كەبى غەمخانىسەن،
شۇم چايانلار ئۇۋىسى زىندان ماكانىڭ ئۆرتەندى.
كۆزلىرىڭدىن ئاقتى ياش، باغرىمدا يالقۇنجايدۇ ئوت،
يۈرىگىمنى ياش ئەمەس، ئوتلۇق قىيانىڭ ئۆرتەندى.
ئىنتىزارلىق ئوتىدا سەكپارىدۇر باغرىڭ سىنىڭ،
جۇرئىتىنىڭ كۆڭلىنى ۋەسلى خىيالىڭ ئۆرتەندى.

1949 - يىل

## يار ئىشقىدا

تاقىتىم تاق بولدى بارغانچە گۈزەل يار ئىشقىدا،
تەلپۈنۈپ ئۇچماق تىلەيمەن كۆككە دىلدار ئىشقىدا.
كىم مېنى مەجنۇن دېسە، لەيلىنى ئىزلەيدۇ دېگىن،
كۆيمىسە مەجنۇن بولامدۇ جانى خۇشتار ئىشقىدا.
ھەر سابادىن خەۋەر ئالسام، يار ھامان غەمكىن ئىكەن،
بارمىسام كۆيمەسمۇ باغرى ۋەسلى دىدار ئىشقىدا.
ئايلىرى ھەم يىللىرى ئۆتمەكتە زۇلمەت ئىلكىدە،
مەن نېچۈك ئارام تاپاي دەرتكە، گىرىپتار ئىشقىدا.
كۈن - تۈنى بۇلبۇل بولۇپ، ھەسرەت چېكىپ سايرايدىكەن،
كۆزدىن ئاققاندۇ قانلار گۈل چىمەنزار ئىشقىدا.
جۇر ئىتىنىڭ كۆڭلىنى كۆيدۈردى ھىجرانىنىڭ دېغى،
مەيلى، بۇ جانىم پىدا ئاشىق تەلەپكار ئىشقىدا.

**1948- يىل سېنتەبىر، غۇلجا**

# قەدىرلەيمەن سېنى جانان

ھەمىشە كۆيلىگەندە مەن مۇھەببەتنى،
بېغىشلايمەن ساڭا جانان تالاي بەتنى.
زوراۋانلار ماڭا مۇشت تەڭلىگەن چاغدا،
مېنى سۆيدۈڭ، قىلىپ رەت قارغۇ تۆھمەتنى.
مۇھەببەتنى چۈشەندىم مەن شۇ جۈرئەتتىن،
بېرىپ زەر، ئالغىلى بولماس بۇ خىسلەتنى.
شۇڭا دەيمەن: سېنى سۆيمەكلىكىم جانان،
ئەدەبىي خۇددى سۆيگەندەك ھەقىقەتنى.

1979- يىل يانۋار، بېيجىڭدا

# يىغلىما

ئىچ - ئىچىڭدىن ئۆرلىتىپ ئاھ، ئەي قەلەمقاش، يىغلىما،
كۆزلىرىڭدىن مۇنچىلىك كۆپ ئاقتۇزۇپ ياش يىغلىما.
يىغىدىن ئادەم تەسەللا تاپسا، مەيلى يىغلىساڭ،
لېكىن ھەرگىز كۆز يېشى بولماس يۆلەكداش، يىغلىما.
شۇ يىگىت گۈل بەردى دەپ سەن ئالدىراپ كۈلگەن ئىدىڭ،
كۈلمىسۇن خەق، ئەمدى نامەرت ئاتىنى دەپ تاش، يىغلىما،
تىل بىلەن دىلنى ھەمىشە بىر تۇتاش دەپ ئويلىدىڭ،
ھەممىنىڭلا تىل - دىلى بولمايدۇ ئوخشاش، يىغلىما.
يارىشىملىق خۇي دىدىڭ يىگىتكە بەگۇۋاشلىقنى سەن،
سېنى يىغلاتقانغا خۇش ئۇ كەسپى بەگۇۋاش، يىغلىما.
پەس ھەۋەس - ئالىيجاناپلىق ئوت بىلەن سۇدۇر گويا،
بولمىدى دەپ بۇ ئىككەيلەننى نىشانداش، يىغلىما.
كۆك چىمەن دەپ يۈگۈردۈڭ يالاڭ ئاياق، سايدى تىكەن،
يىڭنە سانچىپ ئالغىچە بەر ئەمدى بەرداش، يىغلىما.
جايىقىن، كۆپتۇر مۇھەببەت كوچىسىنىڭ ئوي - دۆڭى،
ئەمدى بولغاي ئىبرىتىڭ باشلامچى يولداش، يىغلىما.

## ئەمدى ئېغىز ئاچما

پەدەز بىلە ماختانما چىمەننىڭ گۈلى مەن دەپ،
چۇقان بىلە لاپ ئۇرما سەھەر بۇلبۇلى مەن دەپ.
قىلماقچى ئىدىڭ ئەسلى ۋاپا باغىنى پەرۋىش،
تۇردۇڭ، ئەجەبا، ئەمدى بىراقلا يۇلىمەن دەپ.
ئىللىق دىۋىدىم مەن سېنى لەۋزىڭگە قاراپ، ۋاي،
كۆڭلۈڭ مۇز ئىكەن، يۈرەك باھار مەھسۇلى مەن دەپ.
قىلماقچى ئىكەنسەن ھەۋسىڭگە مېنى بەندە،
بەس، ئاچما ئېغىز ئەمدى ماڭا جۆر بولىمەن دەپ.
دەپسەندە قىلىپ ئۆزگىنى، كۈلمەكچى ئىكەنسەن،
يىغلاپ قالىسەن بۇ كەبى ئويناپ - كۈلىمەن دەپ.

# مەيلىمۇ

كەلمەك بولۇپ سەن كەلمىدىڭ، سۆز بولسا يالغان مەيلىمۇ؟
ۋەسلىڭگە ئىمكان بەرمىدىڭ، كۆيدۈرسە ھىجران، مەيلىمۇ؟
كۆرمەي سېنى بىغەم ئىدىم، ئازادە - خاتىرجەم ئىدىم،
باغلاپ ئەقدە مەن ساڭا، بولسام پەرىشان مەيلىمۇ؟
ئىشقىڭ ئۇرۇق، كۆڭلۈم زېمىن، ئاھىم شامال، ياشىم يېغىن،
ئەيلەپ ئېكىننى پەرۋەرىش، ئاچ قالسا دېخان، مەيلىمۇ؟
مەن ئەيمىنىپ گەپ ئاچمىغان، بۇ قىسسىنى سەن باشلىغان،
ئەپسۇس، تېخى پۈتمەي تۇرۇپ، يىرتىلسا داستان، مەيلىمۇ؟
كۈلگەن ئىدىڭ سەن گۈل بولۇپ، مەن سايرىغان بۇلبۇل بولۇپ،
بۇلبۇل كېتىپ، قۇزغۇنغا جاي بولسا گۈلىستان، مەيلىمۇ؟
مېھرىڭگە مەن لايىق ئىدىم، لەۋزىمگە چىن سادىق ئىدىم،
سادىقلىغىمدىن خارلىنىپ، ئۆرتەنسە ۋىجدان، مەيلىمۇ؟
ئالدانغىنىڭدىن تۈلكىگە، قىيدۇڭ مېنى ھەم كۈلكىگە،
ئالدامچى يىرتقۇچ ئالدىدا خارلانسا ئىنسان، مەيلىمۇ؟
تۆھمەتتە تەسۋىرلەپ مېنى، ئالدامچى ئازدۇردى سېنى،
مېنى ھەسەتخور دەرمۇ دەپ يۈرسەم خىرامان، مەيلىمۇ؟
كىم بار نادانلىقتىن ھايان تاپقان، چوقۇم تارتار زىيان،
سەن ئايرىلىپ سەرمايىدىن، قىلساڭ پۇشايمان مەيلىمۇ؟

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# مەلھەم ئوق

يا قىلىپ كۆزلۈك قېشىڭنى ئاتتى بىر پەيكان ماڭا.
سانچىلىپ قالدى يۈرەككە، دەل تېگىپ شۇئان ماڭا.
بۇ ئوقۇڭدىن زەخمە يەپ قىينالغىنىمنى بىلمىدىم،
يا ھوشۇم كەتتى مېنىڭ، يا بولدى ئۇ دەرمان ماڭا.
ھەممە دەيدۇ: ئوق خەتەرلىك، قىلغۇلۇق ئاندىن ھەزەر،
بۇنچە خوپ ئوق ئالدىدا لازىم ئەمەس قالقان ماڭا.
ئەمدى بىلسەم ئوق ئەمەسكەن ئاتقىنىڭ، مەلھەم ئىكەن،
سەن ئىكەنسەن دەرتكە دەرمان بولغۇدەك لوقمان ماڭا.
سەزدى قەلبىم ئاشۇ مەلھەمدىن ۋاپادار مېھرىنى،
يوق بۇ ئىشقىم بابىدا بۇندىن بۆلەك ئارمان ماڭا.
پاك نىيەتلەر ئەيلىگەي زوق پاك مۇھەببەت ئەھلىگە،
بەختىيارمەن گەر مۇناسىپ بولسا بۇ ئۇنۋان ماڭا.
جانىپىدا قىلسام سېنىڭ مېھرىڭ ئۈچۈن، يوقتۇر غېمىم،
سەن ماڭا جانان ئىكەنسەن، شۇ ئەمەسمۇ جان ماڭا.

# ئۆرگىلەي

گۈلباھار، گۈل مەشۇغۇم، يازغان خېتىڭدىن ئۆرگىلەي،
جانغا ئارام، دىلغا شاتلىق رىغبىتىڭدىن ئۆرگىلەي.
مەن پىراقىڭدا گويا چۆل-دەشتتىكى تەشنا ئىدىم،
خەت بىلەن كۆڭلۈمگە سۇنغان شەربىتىڭدىن ئۆرگىلەي.
پاك مۇھەببەت دۈشمىنى قىيناپتۇ ياردىم بەك سېنى،
ئاشۇ كۈلپەتلەرنى يەڭگەن غەيرىتىڭدىن ئۆرگىلەي.
بىنىقامىنا مەن ئەمەسمەن دەپ مۇھەببەت ساتقۇچى،
تەڭگەن رەڭدار بىر سۇتقا نەپرىتىڭدىن ئۆرگىلەي.
تەر باھاسى زەردىن ئارتۇق دىگەنلىك، چىنلىق بايلىقىڭ،
قەدرى-قىممەت ئۆلچىمى گۆھەر دىتىڭدىن ئۆرگىلەي.
«مەن يىرسۇندىن كېچەمەن ساتماقچى بولسا مېنى» دەپ،
ئىلمىغان «قارغىش»نى كۆزگە جۇرئىتىڭدىن ئۆرگىلەي.
مەن كۆرۈپ خەتنى، ئىشەنچىم تېخىمۇ ئاشتى ساڭا،
جان تىكىپ قىلغان قەسەمدەك ھۆججىتىڭدىن ئۆرگىلەي.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

# باشقىسى

بارمىدۇ ئالدىڭدا خار بولغۇچى مەندىن باشقىسى،
بارمىدۇ ئادەمنى خار قىلغۇچى سەندىن باشقىسى.
ئاقىۋەتنى ئويلىماستىن، باشتا شۇنداق دەپتىمەن:
«يوق جاھاندا ماڭا لايىق سەن لېۋەندىن باشقىسى».
سىنچىلاپ باقمايلا مەن ھۆسنۈڭنى گۈل چاغلاپتىمەن،
بولمىدى لېكىن مۇيەسسەر شۇم تىكەندىن باشقىسى.
قولغا ئايلاندىم گويا سەن زوراۋاننى يار تۇتۇپ،
بولمىدى ھەرگىز نېسىپ زەنجىر-كىشەندىن باشقىسى.
ساڭا باغلانغاچقا، ئايرىلدى بۇرادەر-دوستلىرىم،
مەن ئۈچۈن يوق ئەمدى «خوپ بولدى» دېگەندىن باشقىسى.
شاھى تون شەيدالىغىڭدىن كەچمىسەڭ،
ھېچ راۋا بولمايدىكەن تەنگە كېپەندىن باشقىسى.
بارچە ئىشق ئەھلى مېنىڭدىن ئىبرەت ئالسۇن كۆز ئېچىپ،
بولمىغاي دۇچ مەن يولۇققان دەرتكە مەندىن باشقىسى.

# كۈتۈپ

مەن ئۆزەم بەك گۈل ئىكەنمەن لەۋزى يالغاننى كۈتۈپ.
خۇددى نادانني ئۇنۇلدۇرغۇچى تاداننى كۈتۈپ.
تەلمۈرۈپ گويا بولۇتلۇق كۆككە باقتىم تۈن بويى،
يۇزدنى كۆرسەتمىگەن پىنھانىي چولپاننى كۈتۈپ.
سۆيگۈ ئوتىدىن بەتەر بۇ ئىنتىزارلىق ئۆرتىدى،
مەن قىشۇپ ئالدىم ئەلەم دەردىمگە دەرماننى كۈتۈپ.
بىللە مەنزىلگە بارارمەن دەپ ياياق قالدىم ئۆزەم،
بۇ تەرەپكە رايى يوق بىر غەيرى كارۋاننى كۈتۈپ.
ۋەدىسىدىن شات بولۇپ قالدىم ئازاپقا ئاقىۋەت،
ئەسلى شاتلىقنى ئەمەس، بەلكى پۇشايماننى كۈتۈپ.
ئاخىرى تاپتىم سەۋەپنى، ئۇ شۇڭا كەلمەپتىكەن
لەۋزى ئەجرىگە مېنىڭدىن لەئلۇ مارجاننى كۈتۈپ.
سەن ئۇچۇن گويا مۇھەببەت كوچىسى بازار ئىكەن،
نەقلاي ئىشقىمغا سەندىن پايدا-ۋجداننى كۈتۈپ.

# مەن بەختىيار

سۆيگۈ باغىمغا يېتىپ كەلدى باھار، مەن بەختىيار،
سىردىشىپ تاپتىم ئۆزەمگە جۈپ نىگار، مەن بەختىيار.
مەن ئەگەر دىخان بولۇپ، چۈشسەم ئېتىزدا ئومىغا،
زوق بىلەن كەينىمدە باغ باغلايدۇ يار، مەن بەختىيار.
دەستىگاھتا مەن ئەگەر تىلسام ياغاچ، يارمۇ كېلىپ،
رەندىلەپ تاختايىنى ئەيلەر جىلۋىدار، مەن بەختىيار.
مەن ئوقۇغۇچى بولۇپ ھازىرلىسام دەرس، يار ھېرىپ ـ
كەلسىمۇ ئىشتىن، ئۇنى رەتلەپ تۇرار، مەن بەختىيار.
مەن ئەگەر شائىر بولۇپ، يازسام شېئىر، ئىلھام قىشار،
پۈتكۈچە مەندىنمۇ ئارتۇق ئىنتىزار، مەن بەختىيار.
مۇڭغا چۈشسەم مۇڭدىشار، كۈلسەممۇ بىللە كۈلكىسى،
خۇشلۇغۇم — قايغۇمغا شېرىك غەمگۇزار، مەن بەختىيار.
بىز ھامان سىرداش، يۈلەكداش، تاپا ـ تەنە بىزگە يات،
شۇڭا ھەرقانداق جاپا قىلمايدۇ كار، مەن بەختىيار.
«نە ئۈچۈن سەن ماڭا مۇنچە مېھرىۋان ـ ئامراق» دېسەم،
«ئۆز غېمىڭگە بەنت ئەمەسسەن» دەيدۇ يار، مەن بەختىيار.
«بالىمىز تارتسۇن ساڭا» دېسەم، «ساڭا تارتسۇن» دېدى،
ئىككىمىزگە ئوخشىسا، يار بەختىيار، مەن بەختىيار.

1970 — 1983 - يىللار

## ئالدىدا

ئەي گۈزەل، قەدرىڭنى بىل، باش ئەگمە ئالتۇن ئالدىدا،
خارلىما ئالتۇن بويۇڭنى ساختا دۇردۇن ئالدىدا.
سەن ئىدىڭ گويا قىزىل گۈل، نەسلى بۇلبۇل ئاشىقى،
كىم ئېچىنمايدۇ شۇ گۈل خار بولسا قوزغۇن ئالدىدا.
كىم مۇھەببەتنى ئويۇن چاغلاپ كۈلۈشنى ئىزلىسە،
كۈلكىگە قالغان ئۆزى ھەتتاكى مايمۇن ئالدىدا.
زىبانى سىنت دەپ مازاق قىلغۇچىنىڭ كۆزى بۆلەك،
لېكىن ئۇندىن ئۆزگە تۈز بولغانمۇ مەجنۇن ئالدىدا.
بولمىسا گەرچە مېغىز، پوستى ئۇنىڭ ئەخلەت ـ شاكال،
خۇددى شۇ ھەر نەرسىنىڭ شەكلىمۇ مەزمۇن ئالدىدا.
ئايلىنارمىش دۇنيامۇ زىبا سەنەملەر جىنسىگە،
لېكىن ئىنسانىي مۇھەببەت خەس ئۇ مەلئۇن ئالدىدا.
چىن مۇھەببەت قۇدرىتى ئالدىدا مەغلۇپ ساختىلىق،
تۈلكىنىڭ ساق قالمىغى مۇمكىنمۇ كەلكۈن ئالدىدا.

## شۈندىن بېرى

مەن ئۆزەم ئەمەس شۇ باققا كىرگەندىن بېرى،
ئوخشىدىم پەرۋانىگە سەن يارنى كۆرگەندىن بېرى.
ئەگدى شاخنى مېۋىسى، تىللارنى ياردى شىرنىسى،
پەرۋىشىڭدىن باغ قېنىپ لەززەت سۈمەرگەندىن بېرى.
باغ قىزى، باغ مەپتۇنى، باغ ئاشىقى قىلدىڭ مېنى،
باغقا باغلاندىم ساڭا ئىشقىڭنى بەرگەندىن بېرى.
مەنمۇ سەن تىككەن جىرەدەك باغقا تارتتى يىلتىزىم،
مەپتۇنىڭمەن سەنئىتىڭ پەيزىنى سۈرگەندىن بېرى.
شەرۋەت ئىزلەپ، خەيرىيەت، تاپتىم لېۋىڭدىن ئاقۋەت،
سېنى مەن ئۆلگە قىلىپ يېڭىمنى تۈرگەندىن بېرى.

# هوي بالا

هوي بالا، ئېيتقىن، كىم بولىسەن؟
ھەر كۈنى باغقا بىر كېلىسەن.
بىللە كىتاپىمۇ ئەپكېلىسەن،
يا ئوقۇمايسەن، نىم قىلىسەن؟
«ئۆرگىنىمەن» دەپ ناخشا ئېيتسەن،
ئېيتقىنا، كىمدىن ئۆرگىنىسەن؟
ئايلىنىسەنغۇ سەن مېنىلا،
زادى نىمانداق شوخ بالىسەن؟
ئاچقان ئەمەستىم ساڭا چىراي،
سەن نىدىبە مەقسەتتىن كۈلىسەن؟
پەھلىگۈدەك بولسام سېنى مەن،
سۆيگۈگە مەپتۇن بايقىلىسەن.
مەن بۇ چىمەننىڭ بۇلبۇلى دەپ،
مېھرى گۈلۈمگە ئىنتىلىسەن.
ئويلىغىنىم يوق سۆيگۈنى مەن،
ئالدىرىما سۆز ئاچقىلى سەن.
مەن مىۋە ئىلمي مەپتۇنىدەن،
جورىساڭ ئەقلىڭنى، بىلىسەن.
سەنمۇ كىتاپنى راست ئوقۇغىن،
بولما ھەۋەسنىڭ زاڭ قۇلى سەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئايانىۋەرمە سەن مېنى كۆپ،
بىلمىسا، دۈشمەن يەپ قالسەن.
پەسلى كېلىپ گۈل قارشى ئالار،
بولساڭ ئېلىمنىڭ بۇلبۇلى سەن.

# خىجىللىقتىن يەرگە كىردىم

خەت يېزىپسەن رەنجىشتىن كەچكىنىڭنى بىلدۈرۈپ،
يەرگە كىردىم مەن خىجىللىق ئاتىدا خەتنى كۆرۈپ.
سەن ماڭا سۇنغان ئىدىڭ راست، تۇنجى سۆيگۈڭ گۈلىنى،
شۇ ھامان قىستان ئىدىم، تۇرغاچقا مېنىڭ تەلمۈرۈپ.
ئاشۇ كۆكلەم پەسلىدە ھۆسنۈڭگە خوپ شەيدا بولۇپ،
شاتلىغىدىن سېنمۇ يۈرگەن ئىدىم مەن كۈلدۈرۈپ.
بىر قۇيۇن كەلگەن ھامان، كۆزگە كۆرۈندىڭ ئۆزگىچە،
تەكتىگە يەتمەي تۇنىڭ، كەتتىم ئۆزەممۇ ئۆزگۈرۈپ.
ساڭا تۆھمەت دېغى چۈنكەندە ئەجەپ قىلدىم ئەلەم،
بىر كاساپەت ئىلكىگە كۆڭلۈم شېخىنى ئەگدۈرۈپ.
ئاخىرى تىنجىپ قۇيۇن، ساھىلغا چىقتىڭ سەن ئامان،
مەن بۇرۇختۇم بولدۇم ئەپسۇس يەلكىنىمنى چۆكتۈرۈپ.
ھەسرىتىم ئارىمىنى ئويغاتقاچقىمۇ، چەكتىم ئازاپ.
قىلمىشىمنى قايتا كۆز ئالدىمغا بىر - بىر كەلتۈرۈپ.
شۇندا چىللاپسەن باھارغا سەن مېنى، قانداق باراي،
مەن دوقالغا جۆر بولۇپ، كەتسەم باھاردىن يۈز ئۆرۈپ.
خەتتە دەپسەن: چوڭ گۇناھكار ئەمەس دوقال ھەم شۇم قۇيۇن،
بىر ئەمەس، ئۇ قانچىلارنى قىلدى ۋەيران تەزدۈرۈپ.
ياق، ماڭا ئاز «قارا يۈز شەرمەندە» دەپ قويسا لەقەم،
ھەم سازايى قىلسىمۇ ئېشەككە تەتۈر مىندۈرۈپ.
تىللىساڭمۇ مەيلىدى، چىللاپ بەتەر قىلدىڭ خىجىل،
مەن باراي ئالدىڭغا قايسى يۈز بىلەن، قانداق يۈرۈپ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## ئەجەپ گەپقۇ

مېنى سەن بىر ۋاپا دەيسەن، ئۆزەڭ قانچە ۋاپا قىلدىڭ؟
ئەجەپ گەپقۇ، نىمىشقا بۇ ئاھانەتنى ماڭا قىلدىڭ؟
لىۋىڭدىن مەي بېرەي، گۈلدەك ئېچىلغىن، دەپ مېنى گوللاپ،
سېلىپ جىسمىمغا تەشنالىق، يۈزۈمنى كەھرىۋا قىلدىڭ.
ماڭا سەن گۈل تاقايمەن دەپ ۋە لېكىن ئاتتىڭ ئازغاننى،
بۇ قانداق گۈل تاقاش بولدىكى، باغرىمنى يارا قىلدىڭ،
كۆتەرگەيمەن بېشىمدا دەپ لاپ ئۇرغانتىڭ (كۆتەرمەي قوي)،
مىنىپ گەجگەمگە ئەكسىچە «ئىلىپ» قەددىمنى «يا» قىلدىڭ،
مۇھەببەتنىڭ مۇھىم شەرتى ئەمەسمۇ تەڭ-باراۋەرلىك،
مېنى نىچۈن ساناپ داڭگال، ئۆزەڭنى بىباھا قىلدىڭ؟
ۋاپانىڭ مەنىسى تەتۈر ئىكەن سەن ئوقۇغان باپتا،
ئەمەس بولسا، نىمىشقا مەن ۋاپا قىلسام، جاپا قىلدىڭ؟
جاھاندا تۇتىيانى ھېچ كىشى كۆرمەپتىكەن زادى،
گويا سەنمۇ ۋۇجۇدۇڭدا ۋاپانى تۇتىيا قىلدىڭ.
ساڭا ياغدۇرسا ئەل نەپرەت تېشىنى، ماڭا دۆڭگەمسەن؟
مۇھەببەت رەسمى ئالدىدا ئۆزەڭ سانسىز گۇنا قىلدىڭ،
سېنىڭدىن شۇنچە بىزار بولغىنىمنى كۆرمىگىن مەندىن،
ئامالىم يوق، بۇ ئەھۋالغا مېنى سەن مۇپتىلا قىلدىڭ.

## ئانا، مېنىڭ ئۆز خىلىم بار

ئانا، ئۇ «يىگىت»كە دالالەت قىلىپ،
چېچىلماق، دىلىمنى جاراھەت قىلىپ.
تونۇيمەن ئۇ يۈزسىز ھايانكەشنى مەن،
بولۇپ قاپتۇ «يۈزلۈك» تاپاۋەت قىلىپ.
ھەمىشەملا پىنھان ئۇنىڭ سودىسى،
سېزەلمەيدىكەنسىز نازارەت قىلىپ.
شېرىپ ئانىسىنى قويۇپ ئاچ-يېلىڭ،
سەتەڭلەرگە تۈندە زىياپەت قىلىپ؛
بېرىپ سوغا ئاچكۆز ئەمەلدارغىمۇ،
پالاقلايدىكەن بەك خۇشامەت قىلىپ.
ئەگەر مەن ئىلىنسام ئۇنىڭ ئىلكىگە،
مېنى خارلىماسمۇ ھاماقەت قىلىپ.
يېتەر ئەمدى توسماڭ يولۇمنى مېنىڭ،
چۈشەندۈرمەي ماڭا دوق-ئاھانەت قىلىپ.
مېنىڭ ئۆز خىلىم بار ئۆزەم تاللىغان،
ئۇ يۈرمەس غەلىتە تىجارەت قىلىپ.
ئۇنىڭ مەنىۋى بايلىقى شۇنچە كۆپ،
ساداقەتكە قويغان ئامانەت قىلىپ.
ياشايدۇ خوشامەت-تامادىن يىراق،
ھالال مېھنىتىگە قانائەت قىلىپ.

www.uyghurkitap.com

مۇھەببەتتە زادى ئەمەس سودىگەر،
مېنى قىيناس ھەرگىز خىجالەت قىلىپ.
كېچەلمەيمەن ئەسلا ئۇنىڭ مېھرىدىن
ۋاپا ئەھدىسىگە خىيانەت قىلىپ،

# جانان كېلىدۇ

ياز كەلدى، تولۇپ قەددى سۇۋادان كېلىدۇ،
يەلپۈنگىنىدە شۇ چېچى بوستان كېلىدۇ.
تارقاتتىمۇ دەپ يۈرمە شامال شۇندا ئىپار،
يۈركۈپ يەنە خۇشبۇيىنى رەيھان كېلىدۇ.
ھېيت كەلدىمۇ دەپ ئەگمە قېشى جىلۋە قىلىپ،
تاڭ ئاتتى مانا دەپ كۆزى چولپان كېلىدۇ.
كاكاكۈكنى خىجىل ئەيلىگۈدەك كۈلكىسى بار،
گۈل غۇنچىسىدىن ئۆز لېۋى خەندان كېلىدۇ.
بوغچىسىنىڭ بەردە ھەرياغزا كىتاپ،
كۆڭلۈم ئۆيىگە ئۆزگىچە مېھمان كېلىدۇ.
دەستۇر ئېلىپ ئاستانە ئەرەستىلىرىدىن،
ئەل رەنجىگە مەلھەم يېقىچى لۇقمان كېلىدۇ.
بىللە ئۈچمىز دەپ ئىدى پەن ئاسمىنىدا،
شۇ لەۋزىگە خاس قىلغىلى جەۋلان، كېلىدۇ.
كۆڭلۈم سۆيۈنۈپ تەلپۈنىدۇ، ئىنتىلىدۇ،
چۈنكى يۈرىكىم پارىسى — جانان كېلىدۇ.
چىقماي نە ئۈچۈن قۇچتىلى باغرىمنى ئېچىپ،
ئۆمرۈمگە مېنىڭ ئەزگۇ شەرەپشان كېلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com

诗　　选　　　　（维吾尔文）
铁衣甫江　著
责任编辑：阿不都瓦力，阿•吾买尔
责任校对：阿达来提•木塔里甫

新 疆 人 民 出 版 社 出 版
（乌鲁木齐市解放路306号）
新疆新华书店发行　新疆新华印刷厂排版
新疆日报社印刷厂印刷
787×1092毫米　32开本　10.5印张　4插页
1985年5月第1版　1985年11月第1次印刷
印数：1——3.500

书号：M10098.994　　定价：（精）1.45元（平）0.75元

مۇقاۋىنى ئەن كاڭ ئىشلىگەن




نومۇرى: M10098·994

باھاسى: 1.45 يۈەن